كەمال گۆدە (تۈركىيە)

# سۇلتان ئەلائىددىن ئەرتنا



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مۇقاۋىدىكى سۈرەتلەرگە ئىزاھ:

1. سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنا
2. سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنا ئوغلىغا ئاتاپ ياساتقان مەقبەرە(1-بەت تەگلىك رەسىم)
3. سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنا تارقاتقان پۇل (مۇقاۋا 4-بەت)

تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى نەشرىياتىنىڭ 1990 ـ يىلىدىكى نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.




# SULTAN ALÄEDDIN ERATNA

**كەمال گۆدە (تۈركىيە)**

# سۇلتان ئالائىددىن ئەرەتنا

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **ئۆمەرجان نۇرى**




مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز.................................................1
سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى..........3
1. «ئەراتنا» دېگەن ئىسىم ھەققىدە.......................... 4
2. ئەراتنانىڭ جەمەتى ۋە ئائىلىسى ........................ 9
3. ئەراتنانىڭ ئەمىرلىك دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى............20
4. ئەراتنانىڭ باش ۋالىيلىق دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى ..........27
1) جەلايىر بەگلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ..............27
2) مەملۇق سۇلتانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ..............39
3) دۇلقادىر بەگلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ...............43
4) چوبان بەگلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە قارانبۇك ئۇرۇشى
49....................................................
5. ئەراتنانىڭ سۇلتانلىق دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى...............59
1) مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئەراتنا دۆلىتىنى قۇرۇشى ........59
2) تەۋەلىكىدىكى شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ............65
3) مەلىك ئەشرەف چوبانى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى .........70
4) ئانادولۇدىكى باشقا تۈرك بەگلىكلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
75....................................................
5) مەدەنىيەت ۋە سالدۇرغان ئىمارەتلىرى ......................84
6. سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ ۋاپاتى ۋە شەخسىيىتى ........92
7. قوشۇمچە: ئىسمايىل ھەققى ئۇزۇنچار شىلى.......................100

# كىرىش سۆز

14 ـ ئەسىردىكى تۈركىيە تارىخىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك سىياسىي قۇرۇلمىسىغا ئۆز نامىنى سىڭدۈرگەن سۇلتان ئالائىددىن ئەراتىنا زاماندىشلىرى بولغان تۈركمەن بەگلىرىگە قارىغاندا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۆز نامىغا قۇرغان ئەراتىنا دۆلىتى بىلەن ئانادولۇدىكى تۈرك بەگلىكلىرى دەۋرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

سەلچۇق سۇلتانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن تۈرك بىرلىكىنى يېڭىدىن قۇرۇپ ئالەمشۇمۇل بىر دۆلەت بەرپا قىلغان ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئۆتكەن سۇلتان ئالائىددىن ئەراتىنانىڭ ھاياتىنى ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىنى تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ چۈشەندۈرگەندە، بۇ دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ مىللىي تارىخىمىزدىكى ئورنى ۋە رولىنىڭ مۇھىملىقى گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ.

چىڭگىزخانىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئىلخانىيلارنىڭ ئۆزلىرى تەيىنلىگەن قوماندان ۋە باش ۋالىيلارنى مۇۋاپىق ئىدارە قىلالماسلىقتىن كېلىپ چىققان ئانادولۇدا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ھۆكۈمەتسىز ھالەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تەرتىپ ئورنىتىپ، دۆلەتنىڭ نوپۇزىنى تىكلىگەن سۇلتان ئالائىددىن ئەراتىنا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كاتتا شۆھرەت قازانغان. دىنىغا، ۋەتىنىگە، مىللىتىگە سادىق، ئەقىللىق، بىلىملىك، تەدبىرلىك ـ تەجرىبىلىك، ئىشنى چوڭقۇر ئويلايدىغان، ياخشىلىق سۆيەر، خۇش پېئىل، ئادالەتلىك بىر قوماندان ۋە دۆلەت ئەربابى بولغان سۇلتان ئالائىددىن ئەراتىنانى ئانادولۇدىكى تۈركلەر «قۇتقۇزغۇچى ۋە تۈزۈم ئورناتقۇچى» دەپ ھېسابلىغان. ئۇ ئىلىم ۋە بىلىم بىلەن

شۇغۇللانغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ھەققانىيەتچى ۋە ئادالەتپەرۋەر، توغرا ئىش بېجىرىدىغان ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ ئاز بولۇشىغا قاراپ، ئۇنى «كوسا پەيغەمبەر» دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتىغان ۋە خاتىرىلىگەن، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇلماس شەخسلەر قاتارىغا تىزغان.

سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنا ئەسلىي ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇيغۇر بولۇپ، تۇغۇلغان يېرى ۋە يىلى نامەلۇم بولسىمۇ، ئىلخانىيلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئانادولۇغا كەلگەن ھەم يېزنىسى چوبان بېگى ئەمىر تۆمۈر تاشنىڭ خىزمىتىدە بولغان بىر ئەمىر ئىكەنلىكى مەلۇم.

ئانادولۇدا دەسلەپتە ئىلخانىيلارغا تەۋە بولۇپ، كېيىن مۇستەقىل ھۆكۈم سۈرگەن سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنا 1343 - يىلى چوبان بېگى شەيخ ھەسەننى قارانبۇك ئۇرۇشىدا يېڭىپ چىقىپ، ئەراتنا بەگلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئانادولۇدىكى تۈركلەرنى يېڭى بىر تاشقى خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالغان.

سەلچۇق سۇلتانلىقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم زېمىنىغا ھۆكۈمران بولۇپ، ئانادولۇنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى بىلەن تونۇلغان سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ ھاياتى ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە ساۋات بېرىش بىلەن ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ چىقماقچىمەن.

تۈركىيە تارىخىنىڭ بەگلىكلەر دەۋرىدە ئېنىق بىر ئوبرازغا ئىگە بولغان سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، ماڭا بۇ پۇرسەتنى بەرگەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىكىگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

# سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى

14 ـ ئەسىردە تۈركىيىنىڭ سەلجۇق سۇلتانلىقىنىڭ زېمىنىغا تۇيۇقسىز ئىلخانىيلارنىڭ باش ۋالىيسى سالاھىيىتى بىلەن مۇھىم ۋەزىپە ئېلىپ كەلگەن سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنا ھەققىدە يېتەرلىك ۋە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. چۈنكى، خوراسان، ئىران، ئىراق ۋە ئەزەربەيجانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىلخانىيلارنىڭ قوشۇنىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمىر ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئەراتنا ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات تېپىلماسلىقى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. شۇنداقتىمۇ يېزىنسى چوبان تۆمۈر تاشىنىڭ سايىسىدا تونۇلۇپ، سىياسىي رول ئويناشقا باشلىغان ئەراتنانىڭ ئىسمى ئەينى چاغدا يازما مەنبەلەردە خاتىرىلىنىپ قالغان. ئادەتتىلىنىپ قالغان بەنئەنىمىزگە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا، ئەمىر ئەراتنانىڭ مەيلى ئانادولۇنىڭ باش ۋالىيلىقى، مەيلى سۇلتانلىق چاغلىرىغا دائىر بىرەر مەخسۇس تارىخنىڭ تېپىلماسلىقى ياكى قولىمىزغا چۈشمەسلىكى، بىزنى ئەراتنانىڭ ئۆزى ۋە دۆلىتى ھەققىدە ھەقىقىي مەنىدە شەرھلەپ بېرىدىغان مەلۇماتلاردىن قۇرۇق قويىۋاتىدۇ.

گەرچە بۇنداق ئىمكانىيەتلەر يوق بولسىمۇ، سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ «ئەمىرلىك»، «باش ۋالىيلىق» ۋە «سۇلتانلىق» دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرىنى تاپالىغانلىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ شەرھلەشكە تىرىشىمىز.

## 1. «ئەراتنا» دېگەن ئىسىم ھەققىدە

«ئەراتنا» دېگەن ئىسىمنى يەرلىك ۋە چەت ئەللىك تارىخچىلار بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا خاتىرىلىگەنلىكى، بۇ كۆنلەردە سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ ئىسمىنىڭ يالغۇز يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشىنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈرك تىلى بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ بەيگىگە چۈشكەنلىكى»نى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «ئەراتنا» دېگەن ئىسىمنى «قىممەتلىك ئۈنچە» مەنىسىدىكى «ئەردەنى» ۋە «قىممەتلىك ئۈنچىدەك بەدەنلىك كىشى» دېگەن مەنىدىكى «ئەرتىنى» دەپ خاتىرىلىگەن[1]. بۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغان ئاكادېمىك ئىسمايىل ھەققى ئۇزۇنچارشىلى ئەراتنا دېگەن ئىسىمنى ئەراتنا بەگلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا «ئۈنچە-مەرۋايىت، يەنى چوڭ ئۈنچە» دەپ چۈشەندۈرگەن[2]. سامىھ رىفاتمۇ «ئەرتەنى ياكى ئەرتىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈنچە مەنىسىدە كەلگەن سۆز» دەپ يۇقىرىقى كۆز قاراشلارغا قوشۇلغان[3]. ھۈسەيىن نامىق ئورقۇن «تۈرك تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئەراتنا دېگەن ئىسىمنى «ئەرتەنى» دەپ يېزىپ، «ئەرتىنى دېگەن ئىسىمنى تارىخچىلىرىمىز ئەردانا ۋە ھەتتا ئەراتنا دەپ ئوقۇشۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ سۆزنى ئەرتەنى دەپ ئوقۇش كېرەك. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى قەدىمكى تۈركچە ۋە موڭغۇلچىدا ‹بۈيۈك ئۈنچە› دېگەنلىك بولىدۇ. ئۈنچە، مونچاق دەپ ئىسىم قويۇش قەدىمكى تۈركلەردىكى ئادەت ئىدى. ئۈنچە سۆزى خاس ئىسىم بولۇپ، زامانىمىزدىمۇ قوللىنىلىۋاتىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن[4]. ئاتسىزمۇ «تىلغا

ئېلىنغان بۇ ئىسىمنىڭ ‹چوڭ ئۆنچە› مەنىسىدىكى ئەرتەنە ۋە ئۈنىڭدىن باشقا بىر شەكلى بولغان ئارتانا بولۇشى مۇمكىن بولغاندەك، كېيىنكى زامانلاردا تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلارغا قارىغاندا، ئاراتنا بولۇشىمۇ مۇمكىندۇر» دېگەن بىر ئىزاھنى تاپقان[5]. بۇلاردىن باشقا ئۈززۈنچارشىلى يۇقىرىقى شەرھىسگە قوشۇمچە قىلىپ بلوچېت (E. Blochet)نىڭ «چوڭ مەرۋايىت ياكى بۈيۈك ئۈنچە مەنىسىدە كەلگەن بۇ ئىسىم سانسكرىتچە راتنا، موڭغۇلچىدا ئاراتنا، پارسچىدا ئەراتنا شەكلىدە خاتىرىلەنگەن دېگەن كۆز قاراشىنى قوشۇپ بايان قىلغان»[6]. كىلاۋدى چائىن (Claude Chaen) مۇ «بۇ ئىسىم بۇددا دىنى تارقالغاندىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا كىرگەن، سانسكرىتچە قىممەتلىك تاش مەنىسىدىكى راتنا سۆزىدىن كەلگەن» ، دەپ يۇقىرىقى كۆز قاراشلارغا قوشۇلغان[7]. ئەھمەد جافار ئوغلۇ «ئەردىنى سانسكرىتچە راتنادىن كەلگەن بولۇپ، جەۋھەر، قىممەتلىك نەرسە» دەپ شەرھلەپ، يۇقىرىقى كۆز قاراشلارنى قوللىغان[8]. ئى. ھامى ناشمەندمۇ ئەراتنا دېگەن ئىسىم ھەققىدە «بۇ ئىسىمنىڭ قەدىمكى تۈركچىدە جەۋھەر، ئۈنچە مەنىسىدىكى ئەرتىنى / ئەردەنى / ئەرتەنە دېگەن سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇش ئېھتىمالى بار» دەپ تەھقىقلىگەن[9]. ئاماسىيالىق ھۈسەيىن ھۈسامەددىن بولسا ئەراتنا دېگەن ئىسىمغا «گەردەنى (يۇمىلاق، ئايلانما) ۋەزنىدە ئەردەنى ۋە ئەرتەنى دېيىلىدىغان بولۇپ، قىممەتلىك، ئۈنچە مەنىسىدە» دېگەن ئوخشىمىغان بىر شەرھنى تاپقان[10].

بۇ شەرھلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەراتنا دېگەن ئىسىمنىڭ مەنبەسى ئوتتۇرا ئاسىياغا باغلىنىشلىق سۆز بولۇپ، يىلتىزى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىن كەلگەن. مەنىسى «قىممەتلىك ئۈنچە» بولغىنىغا قارىغاندا، بۇ ئەھۋال ئەراتنالىقلار دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەمىر ئەراتنانىڭ ئالا- ھىدىلىكىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئەراتنانىڭ «بەستلىك ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە» شىكارى «شۇنداق بىر ئادەم ئىكەنكى، كۆرگەنلەر دىۋىمكىن دەپ قالاتتى. ئات پەقەت كۆتۈرەلمىگەچكە ئۆكۈزگە مىنەتتى. كۆتۈرۈۋالغان گۈرزىسىنى ئون ئادەم مىدىرلىتالمايتتى» دەپ يازغان[11]. بۇنىڭدىن نەقىل ئالغان مۇنەججىمباشى «ئات كۆتۈرەلمىگەچكە ئۆكۈزگە مىنەتتى» دەپ ئىسپاتلىغان[12].

يۇقىرىقى مۇئەللىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە م.فاخرەددىن قىرزىئوغلۇ سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانى «ئەراتنالىقلارنىڭ قۇرغۇچىسى تولىمۇ بەستلىك ئادەم ئىكەنكى، مىنىشكە ھەرقانداق ياراملىق ئاتنىڭ بېلى چىدىيالمىغاچقا، توسۇن ئاتقا مىنىپ ماڭاتتى» دەپ، يۇقىرىقى تەرىپلەشلەرنى قۇۋۋەتلىگەن[13].

ئەراتنا دېگەن ئىسىم ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىرىشى بىلەن «ئەرتىنى، ئەرتەنى، ئەردىنى، ئەراتنا، ئەرەتنە، ئەرتەنە، ئەرەدنا، ئەردەن، ئەرتانا، ئەراتنە، ئارەتنا، ئەردانا، ئەرتانا» دېگەندەك شەكىللەردە يېزىلىپ، ئوقۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ[14].

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەراتنا دېگەن ئىسىمنىڭ مۇقىم يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ئىسمنى بىر-

لىككە كەلتۈرگىلى بولمىسمۇ، بىز بۇ تەتقىقاتىمىزدا ئەراتنا دېگەن ئىملا شەكلىنى تالللىۋالدۇق. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەراتنا دېگەن ئىسمدىكى «ر» بوغۇمى ئەرەبچىدە ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ ئىسىم ئەسلي «چوڭ ئۆنچە، جەۋھەر، قىممەتلىك تاش» مەنىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «ئاراتنا» ۋە سانسكرىتچىدىكى «راتنا» سۆزىدىن كەلگەنلىكىدىن بولغان.

سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ ئۇيغۇر بولۇشى ۋە بەستلىك بىر ئوغۇل بالا سۈپىتىدە دۇنياغا كېلىش سەۋەبى بىلەن ئاتا- ئانىسى ئۇنىڭغا بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چىقىش قىلىپ، تەبىئي بىر يوسۇندا ئەراتنا دېگەن ئىسمنى قويغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئەراتنا ئىلخانىيلار سارىيىدا ۋە لەشكەرگاھىدا يېتىشكەن ئەمىرلەشكەر ۋە نويان (موڭغۇلچە «باش قوماندان» مەنىسىدە) ئۇنۋانى بىلەن ئانادولۇغا كېلىپ، ئاۋۋال باش ۋالىي، كېيىنچە سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇرالىغان. ئانادولۇنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا ئۆزىنى تونۇتالىغان دۆلەت ئەربابى ۋە ئۇلۇغىدۇر. ئانادولۇدا نوپۇزىنى تىكلىگەن ئەراتنا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدەك ھەرقايسى مۇئەللىپلەر تەرىپىدىن ئىسمىنىڭ ئەسلي مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەستلىك بولۇشىغا قاراپ، يۇقىرىقىدەك تەرىپلەشلەردە بايان قىلىنغان.

خۇلاسىلىغاندا، «ئەراتنا» دېگەن سۆزنىڭ بېشىدا كېلىدىغان «ئا» ھەرپىنىڭ ئورنىغا «ئە» ھەرپى ئالماشقان،

بۇنداق بولغاندا، ئەمىر ئاراتنانى خاتىرىلەش ئۈچۈن «ئەراتنا» دەپ ئاتاشقان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## 2. ئەراتنانىڭ جەمەتى ۋە ئائىلىسى

ئىلخانىيلار ئانادولۇدىكى سەلچۇق سۇلتانلىقىنىڭ زېمىنىنى باشقۇرۇشقا باش قىلىپ تەيىنلەپ ئەۋەتكەن چوبان ئوغلى تۆمۈرتاش ئانادولۇدا تۇرالماي، مىسىردىكى مەملۇق سۇلتانلىقىدىن پاناھلىق تىلەپ قېچىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا باش ۋالىي بولۇپ، كېيىن ئۆز نامىغا دۆلەت قۇرغان سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ قەيەردە ۋە قاچان تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە ئاز- تولا مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق.

ئەراتنا جەمەتى ھەققىدە ھەرخىل كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. ئېيتىلىشىچە: ماقرىزى «كىتابۇسسۇلۇق» ناملىق ئەسىرىدە «كىچىك ئاسىيانىڭ ھۆكۈمدارى ئەمىر ئەراتنا موڭغۇل نەسەبىدىن ئىدى» دەپ، ئەراتنانىڭ جەمەتىنى موڭغۇللارغا باغلىغان[15]. ئەمىر تۆمۈر ئانادولۇغا لەشكەر تارتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، سۇلتان يىلدىرىم بايەزىدقا قارشى تۇرۇشقا ياردەمچىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئانادولۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خان- ئەمىرلەرگە مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ. ئىبنى ئەرەبشاھ بۇ مەكتۇپلاردىن نەقىل ئالغان ئەسىرى «ئاجايىبۇلماقدۇر» دا ئەراتنانى موڭغۇل- تاتار قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغان بۇ خەتتە «سىزنىڭ ئىشىڭىز مېنىڭ ئىشىمدۇر، سىزنىڭ نەسەبىڭىز مېنىڭ نەسەبىمدۇر. بىزنىڭ مەملىكىتىمىز سىزنىڭ مەملىكىتىڭىزدۇر. يەنى سىز مېنىڭ مىللىتىمنىڭ بىر قەبىلىسىدىندۇرسىز. سىزنىڭ ئاتىلىرىڭىز تۇران مەملىكىتىنىڭ خانلىرىدىندۇر. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يەرلەرگە كەلدى ۋە بۇ يەرلەرنى ۋەتەن قىلدى، بۇ يەرلەردە ۋاپات بولدى، بۇ خانلارنىڭ ئاخىرقىسى

مەرھۇم ئەراتنادۇر» دېگەن جۈملىلەرنى خاتىرىلەپ قويغان[16]. ئىنايەتۇللاھ ئەپەندىمۇ ئىبنى ئەرەبشاھنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىگە ئاساسەن ئەراتنانى تاتار تائىپىسىدىن قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن «ئەمىر تۆمۈر سۇلتان يىلدىرىم تەرىپىدە تۇرۇۋاتقان تاتار قوشۇنىنى ئۆزى تەرەپكە تارتىش ئۈچۈن ئانادولۇغا بىر مەخپىي مەكتۇپ ئەۋەتكەن. ئەمىر تۆمۈر ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا ئۆزىنىڭ تاتارلار بىلەن بىر جەمەتتىن ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا ئانادولۇغا كېلىپ، دۆلەت ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشكەنلىكىنى ئەمىر ئەراتنانىڭ ئانادولۇدا بۈيۈك خان ۋە ئاخىرقى ھۆكۈمران بولغانلىقىنى، سەلچۇق سۇلتانلىقى ھۆرلۈك بەرگەن ئوسمانلىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشىنىڭ ئۆزلىرىگە ياراشمايدىغانلىقىنى، شۇڭا كۆرۈنۈشتە يىلدىرىم تەرەپتە، ئەمەلىيەتتە ئۆزى بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىشىنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى ۋە ئۇرۇش بولغاندا بۇنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى ئېيتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەراتنانىڭ تاتار ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان» دەپ نەقىل كۆرسەتكەن[17].

ئەمىر تۆمۈر بىلەن يىلدىرىم ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي جېدەل داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە، ئەراتنانىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى مۇتاھھارتەن ئەرزىنجاننىڭ ئەمىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقاندى. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەمىر تۆمۈرنىڭ بۇنداق كۈشكۈرتىشى نەتىجىسىدە ئەراتنانىڭ جەمەتى بولغان مۇتاھھارتەن 1400-يىلى ئەزەربەيجاندىكى بەردا قىشلىقىغا بېرىپ ئەمىر تۆمۈرگە ئىتائەت قىلغان. بۇ ئىشنى يىلدىرىمدىن مەخپىي تۇتقاچقا، ئەرزىنجاننىڭ ئەمىرلىكىنى

قىلىۋەرگەن. يۇقىرىدا مەلۇم بولغىنىدەك، ئەمىر تۆمۈر ئانادولۇغا لەشكەر باشلاپ كەلگەندە، ئەمىر مۇتاھھارتەن يىلدىرىم بايەزىتقا قارشى ئەمىر تۆمۈرنىڭ لەشكەرلىرىگە يول باشلاپ ساداقەت قەرزىنى تۆلىگەن[18].

س.لانې.پولې ئەراتنانى موگغۇل تائىپىسىدىن دېسە[19]، ھىلمى زىيا ئۈلكەنمۇ «ئەراتنا موگغۇل ئىدىلەر» دەپ چۈشىنىپ، ئەراتنانى موگغۇل كاتتىلىرىدىن[20] قىلىپ كۆرسەتكەن. شىكارى بىلەن قەيسەرلىك ئەھمەد نازىف ئەپەندىمۇ ئەراتنانى موگغۇل كاتتىلىرىدىن[21]دەپ چۈشەنگەن، خەيرۇللاھ ئەپەندى «چاغاتاي كاتتىلىرىدىن»[22] دەپ كۆرسەتكەن.

ئەراتنانىڭ جەمەتى ۋە ئائىلىسى ھەققىدە ئەڭ ئىشەنچلىك يازما ماتېرىيال قالدۇرغان ئابدۇللا كاشانى پارسچە يازغان تارىخ- ئەسىرىدە سۇلتان ئۆلجايتۇ زامانىدا ياشىغان بەگلەرگە ئائىت بىر تىزىملىك بار[23]. بۇ تىزىملىكتە ئىلخانىيە ھۆكۈمدارى ئۆلجايتۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە باشقا كاتتىلارنى ساناپ كېلىپ 16-نۆۋەتتە «ئەمىر تارىمتار ۋە ئىنىلىرى سۇنئۇكتار بىلەن ئەراتنا ئۇيغۇر قەۋمىدىن» دەپ خاتىرىلىگەن. بۇنداق بولغاندا، ئەينى زامانىدا يېزىلغان بۇ مۇھىم مەنبەگە ئاساسلانساق، ئەراتنا ۋە ئاكىلىرىنىڭ ئۇيغۇر بولۇشى ئەمەلىيەت بولۇپ چىقىش بىلەن بىرگە، ئەراتنانى موگغۇل ياكى تاتار دېگەنلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى قەتئىي خاتا بولۇپ چىقىدۇ.

كاشانىدىن باشقا، ئىراندا ياشىغان ئەينى زامانىدىكى مۇئەللىپلەرنىڭ بىرى بولمىش شەبانكارەيمۇ پارسچە يازغان

ئەسىرىدە ئەراتنانىڭ ئاكىلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئەراتنىنا ھەققىدە ئىشەنچلىك ماتېرىياللارنى قالدۇرغان[24].

بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغان زەكى ۋەلىدى توغان «رۇم مەملىكىتىدە ئۇيغۇر بەگلىرىدىن تۇمەنبەگلەر سۇپىتىدە تارىمتار بىلەن سەنەكتاي ۋە ئەرتەنەئەرتانا ئاكا-ئۇكىلار بار ئىدى» دەپ يېزىپ، ئەمىرلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن[25]. يەنە ئىسمايىل ھەققى ئۇزۇنچارشىلىمۇ «ئەرەتنا موڭغۇل بولماستىن، ئۇيغۇردۇر» دەپ بۇ تېمىغا ئېنىقلىق كىرگۈزگەن[26].

سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇئەللىپلەر ھەرخىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ قاراشلارنىڭ بىرى ۋە ئەڭ كەڭ تارقالغىنى «ئەراتنانىڭ دادىسى موڭغۇل ئەمىرلىرىدىن جافەر بەگ» دېگەن كۆز قاراشتۇر[27]. ئىككىنچىسى ۋە يېڭى بولغىنى، «ئەراتنانىڭ دادىسى ئاباقنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر تايجۇ باخشى ئاتلىغ ئەمىر» دېگەن كۆز قاراشتۇر[28]. بۇ كۆز قاراشلاردىن باشقا ئەراتنانىڭ دادىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت بولسىمۇ، ھەممىسى قەتئىي خاتادۇر. بۇلارنىڭ بىرى ئەراتنانىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ھەسەن دەپ[29]، يەنە بىرى مۇھەممەد بەگ[30] دەپ خاتىرىلەنگەن.

ھازىرغىچە كۆرگەن بارلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا شىكارى تۇنجى بولۇپ «ئەراتنانىڭ دادىسى قەيسەرلىك جافەر بەگ موڭغۇل بەگلىرىدىن ئىدى» دەپ خاتىرىلىگەن[31]. شىكارىنىڭ خاتىرىسىدىن پايدىلانغان مۇنەججىمباشىمۇ

جافەرنى دادىسى قىلىپ كۆرسەتكەن[32]. زەكى ۋەلىدى توغانمۇ «ئۇيغۇر بېگى جافەرنىڭ ئوغلى ئەرتەنە» ۋە «ئەرتەنەنىڭ دادىسى جافەر ئاتلىق بىر مۇسۇلمان ئىدى» دەپ يۇقىرىقى كۆز قاراشلارنى قوللىغان[33]. ئە.زامبائۇرمۇ ئەرتىنالىقلار ھەققىدە يازغان جەمەت شەجەرىسىدە ئەرتىنانىڭ دادىسىنى جافەر بەگ دەپ قەيت قىلغان[34]. ئەرتىنالىقلارنى تەتقىق قىلغانلاردىن ئەھمەد تەۋھىد «ئەرتىنا بولسا جافەر بەگ دېگەن بىر كاتتا كىشىنىڭ زاتىدىن بولغان بالىدۇر» دېسە[35]. ئۇزۇنچارشىلىمۇ «ئەرتىنانىڭ دادىسى جافەر بەگ دېگەن كاتتا كىشى بولۇپ، ئۇ توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يوق» دەپ يۇقىرىقى كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلىگەن[36].

ئىسمايىل غالىب «ئەرتىنا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قارامان ئوغۇللىرىنىڭ نەسەبىدىن ئىكەنلىكىنى مۇئەللىپ كۇئاتىر-مېرەدىن نەقىل ئېلىپ بايان قىلىۋاتىسمۇ، بىزنىڭ تارىخچىلار ئەرتىنانى قارامان ئوغۇللىرىغا قوشمايۋاتىدۇ» دەپ توغرا يازغان[37]. بۇنى شۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇكى، شىكارى قەيسەرىلىك جافەر بەگ قارامانىنىڭ تاغىسى ئىدى»[38] دەپ يازغان بولسا، مۇنەججىمباشىمۇ ئوخشاشلا «نۇرىددىن بەگنىڭ ئوغلى قارامانىنىڭ ئانىسى جافەربەگنىڭ قىزى» ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ[39]، ئەمما ھۆسەيىن ھۈسامەددىن «بۇ رىۋايەتكە تارىخ گۇۋاھ ئەمەس» دەپ[40]، يۇقىرىقى كۆز قاراشلارغا قوشۇلمايدۇ. چۈنكى نۇرىددىن (نۇرى سوپى) نىڭ ئوغلى قارامان 1261-يىلى ئۆلگەن. بۇ قارامان بەگ قارامان ئوغلى بەدرىددىن ئىبراھىم بەگنىڭ ئوغلى ۋە لارەندە ئەمىرى شەمسىددىن بەگنىڭ ئاكىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى

شكارىنىڭ قەيت قىلغىنىغا قارىغاندا قەيسەرى بېگى جافەر ۋە ئوغلى ئەراتنا بىلەن زامانداش بولۇپ ئۆتكەن بەگلەردىندۇر[41].

ئەراتنانىڭ دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئۈستىدە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن كۆز قاراشلاردىن پەرقلىق قىلىپ يېڭى ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىنى پروفېسسور، دوكتور فارۇق سۈمەر ئوتتۇرىغا قويغان. سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنا ئەمىر بولغان چاغدا ئا.كاشانى يازغان ئولجايتۇ تارىخىدىن پايدىلانغان فارۇق سۈمەر «ئولجايتۇ دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەمىرلىرىدىن ئون نەپىرى تۈرك ئىدى. بۇلاردىن شىشى باخشىنىڭ ئوغلى ئەمىر سەۋىنچ ۋە ئىبسەن قۇتلۇغ بىلەن ئەمىر تارىمتاز ۋە ئىنىلىرى سۇنۇكتاز ۋە ئەراتنانىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۇرگەن[42]. كېيىن ئەرەتنانىڭ دادىسى ھەققىدە تۆۋەندىكى مۇھىم ئىزاھاتنى بەرگەن: «ئەمىر تارىمتاز غازانخان دەۋرىدىكى ئەمىرلەردىن بولۇپ، تايجۇ (大珠) باخشىنىڭ ئوغلىدۇر. تايجۇ باخشى ئاباقانىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن بىرى ئىدى[43]. ئاباقا خان سەلچۇق خاتۇننى دەماۋەنت تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. ئەمىر تارىمتازنىڭ دادىسى تايجۇ باخشى ۋە ئانىسى تۆكەلنى چاقىرىپ، «سىزگە تولۇق ئىشەنگەنلىكىمدىن غازاننى ئوغلىڭىزدەك بېقىشىڭىزغا بەردىم دەپ بۇيرۇغانلىقى»[44] ئەراتنانىڭ ئاكىلىرى بارلىقىنى، كاشانىنىڭ كىتابىدىكى جەدۋەلدىن ئىگىلىگەن[45] تارىمتازنىڭ ئاتىسى تايجۇ باخشى[46] ئىكەنلىكى ۋە ھازىرغىچە تىلغا ئېلىنمىغان ئانىسىنىڭ ئىسمى تۆكەلتى ئىكەنلىكىنى مۇھىم ئىسپات قىلىپ چۈشەندۈرگەن.

تارىمتازنىڭ دادىسى تايجۇ باخشى ۋە ئانىسى تۆكەلتى خاتۇن بولغىنىغا قارىغاندا، تارىمتازنىڭ ئىنىسى بولغان ئەراتنانىڭمۇ دادىسى تايجۇ باخشى ۋە ئانىسى تۆكەلتى خاتۇن بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

گەرچە قولىمىزدا بۇ تېمىدىكى ماتېرىيال بولمىسىمۇ، لېكىن ئاباقانىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن بىرى بولغان تايجۇ باخشى ئانادولۇغا كېلىپ قايتالمىغان، شۇڭا مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزىگە جافەر دەپ قايتا ئىسىم قويغان، بۇ ئارىدا قەيسەرىنىڭ ئەمىرى بولغان[47] دېگەن بىر چوڭ ئېھتىماللىق ئەقلىمىزگە كېلىدۇ، شۇڭا شىكارىمۇ «ئەراتنانىڭ دادىسى قەيسەرىلىك جافەر بەگ بولۇپ، موڭغۇل بەگلىرىدىن ئىدى» دەپ توغرا ئىپادىلىگەن[48].

سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ ئاكىلىرى ھەققىدە كاشانى قەيت قىلغان ئەمىر تارىمتاز ۋە ئەمىر سۇنۇكتازدىن باشقا فەرىدۇنىنىڭ دادىسى بىلەن پىرمۇھەممەد، شاھ ئەلىنىڭ ئانىسى ۋە مۇتاھھارتەنىنىڭ دادىسى بولغان بۇراق بەگ بىلەن قوشقاندا ئىككى ئىنىسى[49]، بىرى قارامان ئوغلى[50]، يەنە بىرى ئەمىر تۆمۈر تاشقا تەگكەنلىكى[51] مەلۇم بولغان ئىككى سىڭلىسىنىڭمۇ بارلىقى ھەققىدە كۆز قارىشىمىز بىرلىككە كېلىپ بولدى.

سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ جەسىتى ھازىرقى قەيسەرىدىكى كۆشك مەدرىسى ئىچىگە كۆمۈلگەنلىكى ۋە 1339-يىلى ۋاپات بولغانلىقىنى قەبرە تېشىدىكى مەتىندىن بىلگىلى بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ سۆلى پاشا ئىسىملىك دۇلقادىرنىڭ قىزى[52] ياكى ئاماسيا ئەمىرلىرىدىن تولى بەگنىڭ سىڭلىسى ۋە

ئىززەددىن ھەسەنبەگنىڭ قىزى[53] دەپ ئېيتىلغان بىر خوتۇنىنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق[54]. ئەرتىنانىڭ بۇ خوتۇنىدىن باشقا، ئاغا دەپ خاتىرىلەنگەن توغا خاتۇن ئىسىملىك جەلايىر بەگلىكىدىن بولغان شەيخ ھەسەننىڭ تۇغقىنى بولغان يەنە بىر خوتۇنىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىبنى بەتۇتەنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن تاپتۇق[55]. سۇلتان ئالائىددىن ئەرتىنانىڭ تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىككى ئايالىدىن باشقا ئوغلى ۋە ۋارىسى مۇھەممەد بەگنىڭ ئانىسى بولغان ئىسفاھانشاھ ئىسىملىك ئۈچىنچى خوتۇنى بارلىقى ھەققىدە ئەستەرابادى «بەزم ئۇ رەزم» ناملىق ئەسىرىدە ئۇچۇر بەرگەن. بۇ خوتۇنمۇ جەلايىر بەگلىكىدىكى شەيخ ھەسەننىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ئىسمى سياسي ۋەقەلەردە ئۇچرايدۇ[56].

سۇلتان ئالائىددىن ئەرتىنانىڭ ئوغۇللىرىغا كەلسەك، ياش تەرتىپى بويىچە شەيخ ھەسەن، جافەر ۋە مۇھەممەد ئىسىملىك ئۈچ ئوغلىنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق[57].

ناھايىتى چىرايلىق ۋە كېلىشكەن، ئەينى زامانىدىكى ئەقىللىق ۋە پەزىلەتلىك شەيخ ھەسەن بولسا سۇلتان ئەرتىنانىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ھايات چېغىدا سىۋاس ۋالىيسى بولغان[58].

شەيخ ھەسەننى دادىسى سۇلتان ئەرتىنا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن جەلايىر بەگلىكىدىكى شەيخ ھەسەننىڭ يېنىغا ئەۋەتكەندە بەھسىنى ئەمىرى ئۇنىڭ ئىراققا بېرىشىنى توسايدۇ، ھەلەب ۋالىيسى شەيخ ھەسەننى دادىسىنىڭ يېنىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ[59]. سۇلتان ئالائىددىن ئەرتىنا بۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلى شەيخ ھەسەنگە ماردىندىكى

ئـارتۇقلۇ ھۆكۈمـدارى مەلىـك سـالىھ شەمسـەددىن (1312 ـ 1364) نىڭ قىزىنـى سوراپ مـاقۇللىقىنى ئالـدۇ. ھەر ئىككـى تەرەپ تـوي تەييارلىقىنى پۈتكـۈزۈپ بولغانـدا، مەلىـك سـالىھ كـېلىن قىزنـى جابـدۇپ، شـەيخ ھەسـەن بىـلەن تويلىشـش ئۈچـۈن سىۋاسـقا ئەۋەتـدۇ. كـېلىن سىۋاسـقا كەلگەنـدە «بەدرىـددىن» ئۇنـۋانى بىـلەن ئاتالغـان شـەيخ ھەسـەن «دابـاز» كېسـەلىگە گىرىپتـار بولـۇپ سـاقىيالماي، قىـز ھۇجرىسـىغا كىرمەسـتىن تـۇرۇپ، 1347 ـ يىلـى 12 ـ ئايـدا پانىي ئالەم بىلەن ۋىدالىشىدۇ[60].

سۇلتان ئالائىـددىن ئەراتنـا سىۋاسقىچە كەلـگەن كېلىننـى قايتۇرۇۋەتمەي، ئۇنى ئىككىنچى ئـوغلى جافەرنىـڭ ئېلىشـنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ. بۇ قاراش ۋە پىكرى ئاساسـىدا ئىش تۇتقان ئەراتنا كېلىننىـڭ دادىسـى مەلىـك سـالىھقا يازغـان مەكتۇپىـدا «مېنىـڭ يەنە بىـر ئوغلـۇم بـار، قىزىـڭ ئۇنىڭغـا ياتلىق بولالايدۇ» دەپ، ئۇنىـڭ كـۆڭلىنى ۋە رازىلىقىنـى ئالـدۇ ۋە كېلىننـى كۈتۈۋالغانـدا ئۇنىڭغـا هـارپۇتنى ھەدىـيە قىلىـدۇ[61]. شۇنداق قىلىپ مەلىك سالىھ رازى بولغاندىن كېيىن، سىۋاستا مېھمـان بولۇۋاتقـان كـېلىن ئەراتنانىـڭ ئوتتـۇرانچى ئـوغلى جافەرگە تېگىدۇ[62].

سـۇلتان ئالائىـددىن ئەراتنـا ئەڭ ئـامراق ئـوغلى شـەيخ ھەسـەننىڭ يـاش ھەم تـوي كۈنىنىـڭ ئالدىـدا ۋاپـات بولغانلىقىـدىن بەك پەرىشـان بولـدۇ. شـۇڭا ئـۇ، بـۇ پەرىشانلىقنى يەڭگىللىتىش ۋە ئوغلىغا بولغـان مـۇھەببىتىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش مەقسـىتىدە، سـىۋاس شـەھرىدە ھـازىر «گـۈدۈك مۇنـار» دەپ ئاتىلىۋاتقـان ۋە ئانـادولۇدا ئـۆزگىچە

قىلىپ ياسالغان بىر گۈمبەز سالدۇرۇپ، شەيخ ھەسەننى بۇ يەرگە دەپنە قىلىدۇ[63].

سۇۋاسنىڭ دىكىلتاش مەھەللىسىدىكى شەيخ ھەسەن دەپنە قىلىنغان گۈدۈك (كىچىك) مۇنار ۋە ياكى سۇۋاسلىقلار «داباز خانىقاسى» دەيدىغان مەسچىتنىڭ تۈرك تىبابەت فولكلورىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى بىر تەتقىقات نەتىجىسىدىن بىلدۇق. بۇ خانىقا تۈرلۈك تېرە كېسىلى بولغان ۋە بەدەن ئاۋۋال ئىششىپ، ئاندىن قىچىشىپ، ئاخىرىدا تېرىسى چۈشۈپ كېتىدىغان، خەلق ئارىسىدا «داباز» دەپ ئاتالغان تېرە كېسىلىنى داۋالايدىغان يەر ئىكەنلىكىنى سۇۋاسلىقلاردىن ئاڭلىدۇق. داباز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ھەر جۈمە كۈنى بۇ خانىقا ئەتراپىدا كېسەلدىن ساقىيىش ئۈچۈن مۇنداق قوشاقنى ئوقۇپ چۆرگىلەيدىكەن:

مەن داباز بولدۇم،
ئوينىيالماس بولدۇم.
ئوڭغىمۇ، سولغىمۇ،
چۆرگىيەلمەس بولدۇم. [64]

سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى تەختنى ئىنىسى مۇھەممەدتىن تارتىۋېلىپ «ئىززەددىن» ئەملى بىلەن 1354 ـ 1355 ـ يىللىرى سۇلتانلىق قىلىدۇ ۋە تەختنى يەنە ئىنىسى مۇھەممەدكە تارتقۇزۇپ قويۇپ، مىسىردىكى مەملۇق سۇلتانلىقىدىن پاناھلىق تىلەپ مىسىردا تۇرۇپ قالىدۇ.[65]

سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ ئۈچىنچى ۋە كىچىك ئوغلى بولغان مۇھەممەد دادىسى ئەراتنانىڭ ۋاپاتى بولغاندا، يەنى 1352 ـ يىلى ئاكىسى ئالدىدا «غىياسىددىن» ئەملى بىلەن

تەختكە چىقىپ، ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ، تەڭگە قويدۇردۇ. ئاكسى جافەرگە تەختنى بىر مەزگىل تارتقۇزۇپ قويغان غىياسىددىن مۇھەممەد ئۇزۇن ئۆتمەي تەختنى قايتا تارتىۋالغان بولسىمۇ، دادىسى ئەراتنانىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلالمىغان. بىر سۇلتانغا مۇناسىپ كېلىدىغان مىجەز ۋە ھالىتى بولمىغاچقا، 1365-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كاتتىۋاشلىرى تەرىپىدىن بىۋاستە ئۆلتۈرۈلگەن[66].

## 3. ئەرتىنانىڭ ئەمىرلىك دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى

غازانخان زامانىدا، تۈركلەر موڭغۇللار ئارىسىدا خېلى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئېرىشكەن. ئولجايتۇ خان زامانىدا ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار، ئاندىن قالسا باشقا تۈركىي خەلقلەر مۇھىم ئورۇنلارغا ئىگە بولغان. ئۇيغۇرلاردىن ئەمىر سەۋىنچ ئاكا ئولجايتۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئەمىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، خۇراسانغا ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن ئەبۇ سەئىدكە ئاتابەگلىك قىلغان ھەم باش ئەمىر بولغان. ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆگرۈنچمۇ بىر ئۇيغۇر تۈمەنگە باشچىلىق قىلىپ نوپۇزلۇق ئەمىرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن. باشقا ئۇيغۇرلاردىن ئىسەن قۇتلۇغ ئەسلىي ئۇيغۇرلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇ ئولجايتۇ ھەم ئەبۇ سەئىد خاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە، يۇقىرىقى سۇلتانلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان[67]. بۇ ئەمىرلەردىن باشقا، ئولجايتۇ ئىشەنگەن ئەمىرلەردىن ئەرتىنا بىلەن ئاكىلىرى تارىمتاز ۋە سۈنۈكتازمۇ ئۇيغۇر بولۇپ، ئىلخانىيە لەشكەرگاھىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن[68]. ئانادولۇغا ئىشغالىيەتچى قوشۇن قىلىپ ئەۋەتىلگەن موڭغۇللار ئاساسەن توكات، ئاماسيا، چورۇم، قىرشەھىر، قەيسەرى ۋە سۋاس ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان. بۇلار ئادەتتە «تاتار» دەپ ئاتىلىپ قالغان. بۇ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى موڭغۇل بولماستىن، ئارىسىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قەۋملەردىن مۇھىم جامائەتلەر بار ئىدى[69].

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئولجايتۇ ۋە ئەبۇ سەئىد دەۋرىدىكى ئىلخانىيلار خانىدانلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ رولى چوڭ بولغان.

تەتقىقات تېپىمىز بولغان سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنامۇ ئىلخانىيلارنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، باشقا ئۇيغۇر بەگلەرگە ئوخشاش تىرىشچانلىقى ۋە ئىقتىدارلىقلىقى بىلەن ئۆزىنى تونۇتۇپ، مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرگەن.

ئەراتنا باللىق دەۋرىدىن باشلاپ ئىلخانىيلار سارىيىدا سۇلتانلار خىزمىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەبۇ سەئىدنىڭ بەگلەر بېگى ئەمىر چوبان بەگنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ يەنە ئولجايتۇ خان زامانىدا ئانادولۇدىكى موڭغۇل قوشۇنىدىكى بىر بۆلۈكنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن ھەم ناھايىتى تېزلا قوشۇندىكى مۇھىم ئەمىرلەر قاتارىغا ئۆتكەن[70].

ئەبۇ سەئىد باھادىرخان زامانىغا كەلگەندە، ئۇلكە نازىرلىقىنى ئۆتىگەن. ئەڭ مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئەراتنا ئىلخانىيلارنىڭ باش ۋالىيسى تۆمۈرتاشقا سىڭلىسىنى نىكاھلاپ بەرگەن ھەم ئۇنىڭ ئورۇنباسارى بولغان[71]. بۇ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن باش كۆتۈرگەن ئەراتنا ئەبۇ سەئىدنىڭ بىرىنچى دەرىجىدىكى ئەمىرلىرى قاتارىغا ئۆتكەن. بۇ ئارىدا ئەمىر تۆمۈر تاشنىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتقان ئەراتنا ئانادولۇدا بىر تۈرك بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجابىي رول ئوينىغاچ نوپۇز ئاساسىنى تىكلەشكە باشلىغان. يەنى «ئەراتنا تۆمۈر تاشنىڭ ئەمرىگە بىنائەن قونياغا بارىدۇ ۋە قونيادىكى مەۋلەۋى شەيخ ئابىد چەلەبىنى ئۈچلاردىكى تۈركمەنلەرنى تۆمۈر تاشقا ئىتائەت قىلدۇرۇشقا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. ئابىد چەلەبى ئەلچى بولۇپ بېرىشنى خالىماي ئۆزرە سوراشقا ئەھمەد ئەفلاكىنى سالاچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۇ

ئەراتنانىڭ كەسكىن پوزىتسىيسى بىلەن ئەلچىلىككە بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ»[72].

ئەراتنانىڭ ئانادولۇغا كېلىشى ۋە تۆمۈر تاشنىڭ خىزمىتىگە كىرىشى ھەققىدە فارۇق سۈمەر «ئەرتەنەنىڭ ئاكىلىرى بولغان تارىمتاز بىلەن سۇنۇكتاز 1319-يىلى قۇرۇمشى، ئىرىنچىن ۋە تۇغقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەراتنا تۆمۈرتاشنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن ئانادولۇغا كەلگەن دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ[73].

ئەمىر تۆمۈرتاش ئانادولۇدىكى تۈركمەن بەگلىرىنى دەرھال ئىتائەتكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن تەدبىر ۋە پائالىيەتلەرنى كۆپەيتىدۇ. تۆمۈرتاشنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى جەريانىدا قونيا رايونىنى قارامانىلقلاردىن تارتىۋالىدۇ. ھامىدئوغلىنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ ئەغرىدىرنى قورشىۋالىدۇ، ئەشرەف ئوغلى سۇلايماننى ئۆلتۈرگۈزۈپ، جەسىتىنى بەيشەھىر كۆلىگە تاشلىۋېتىدۇ. بۇنىڭغا قانماي يەنە ئافيوندىكى قاراھىسارنى ۋەزىر فەرەددىن ئەلىنىڭ نەۋرىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغاندەك، يېشىل ھىساردىكى بالتۇنىڭ ئوغۇللىرىنىمۇ ئۆلتۈرگۈزىۋېتىدۇ. ئۇ پەقەت تۈركمەن بەگلىرىگىلا ئەمەس، موڭغۇل ئەمىرلىرىگىمۇ قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ[74]. ئۇزۇنچارشىلى ئافيوندىكى قاراھىسارنى ئىگىلەشتە ئەراتنانىڭ رولىنى سۆزلەپ «تۆمۈرتاش ئانادولۇدىكى بەگلەردىن قاراھىسارنىڭ ئەمىرى ساھىپئوغلى ئۈستىگە خىزمىتىدىكى ئەمىرلەردىن ئەمىر ئەراتنانى ئەۋەتىدۇ. ئەراتنا ساھىب ئوغلىنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن بولسىمۇ، قاراھىسارنى ئىگىلەيدۇ» دەيدۇ[75].

ئىلخانىيلارنىڭ ئانادولۇدىكى باش ۋالىيسى تۆمۈرتاش تۈركمەن بەگلىرى ۋە موڭغۇل ئەمىرلىرىگە قارشى يۈرگۈزگەن ئېزىش ۋە يوقىتىش سىياسىتى سەۋەبىدىن ئۆزىگە قارشى بولغان ئەمىرلەرنى قايتا ئىسيان قىلىپ قالمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن تۆمۈرتاش ئۇلارنى ئەبۇ سەئىدكە چاقىدۇ. ئەبۇ سەئىدخان ئەھۋالنىڭ تېگىنى بىلگەندىن كېيىن، تۆمۈرتاشقا قارىتا قوللانغان تەدبىرنى يازىجىزادە ئەلى بىلەن مۇنەججىمباشى «ئەبۇ سەئىد باھادىرخان تۆمۈرتاشنىڭ ئانادولۇدا مۇستەقىللىق سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغىنىدىن خەۋەردار بولىدۇ. ئۇنى ئىتائىتكە كىرگۈزۈپ تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئەمىرئەراتنانى قوشۇنى بىلەن ئانادولۇغا ئەۋەتكەن» دەپ خاتىرىلىگەن[76].

مۇئەللىپلەرنىڭ بۇ خاتىرىلىرىدىن ئەمىر ئەراتنانى ئانادولۇغا مەركەزدىن ئەۋەتكەندەك بىلىنىسمۇ، ئەسلىدىنلا ئانادولۇدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەراتنانى ئەبۇ سەئىدنىڭ تۆمۈرتاشنى ئىتائىتكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ۋەزىپىگە تەيىنلىشى ئەقىلگە ۋە تارىخىي تەرەققىياتقا ئۇيغۇن.

ئەمىر ئەراتناغا مەيلى مەركەزدىن تاپشۇرۇلسۇن، مەيلى ئانادولۇدىن تاپشۇرۇلسۇن، ۋەزىپىنىڭ قەيەردىن تاپشۇرۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بۇ ۋەزىپىنى «لەشكەر تارتىپ تۆمۈرتاش بىلەن ئەغرىدىردە ئۇرۇشۇپ غەلىبە قىلىدۇ. ئەراتنادىن قورقۇپ كەتكەن تۆمۈرتاش لەشكەرلىرىنىڭ قېچىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شام تەرەپكە قېچىپ غايىب بولىدۇ»[77] دەپ تەرىپلىگۈدەك دەرىجىدە ئورۇندايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەبۇ سەئىدخان تۆمۈرتاشنىڭ خىزمىتىدىكى ئەمىرلەرگە مەخپىي مەكتۇپ ئەۋەتىپ تۆمۈرتاشنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمىر قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن تۆمۈرتاشقا ئىلتىپاتىنى ياغدۇرۇپ، ئۇنى ئالداشقا باشلايدۇ. بۇلارنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇكى، سۇلتان ئەبۇ سەئىد-نىڭ ئەمرى بىلەن تۇغقىنى بولغان ئەمىر ئەراتنانىڭمۇ ئۆزىگە قارشى تۇرغان بىر ۋاقىتتا، تۆمۈرتاش ئىنىسى دىمشىق خوجىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ ۋە ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان ئىشلارنى ئويلاپ، مەركەزدە بولىۋاتقان ئىشلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن سىۋاسقا قاراپ ئاتلىنىدۇ[78]. ئالدى بىلەن قەيسەرىگە كېلىپ سىۋاسقا قاراپ ئاتلانغان تۆمۈرتاش «ئەبۇ سەئىدنىڭ ئۆزىنى تۇتۇش ئۈچۈن بىر ئەمىرنى ئەرزۇرۇمغا ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە بۇ ئەمىرنىڭ سىۋاسقا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىدىن» [79] خەۋەر تېپىپ، سىۋاسقا بارماي قەيسەرىگە قايتىدۇ. بۇ ئارىدا دادىسى ئەمىر چوباننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە ئەبۇ سەئىدنىڭ ئۆزى ھەققىدە يامان خىيالدا بولىۋاتقانلىقىنى باشقىلارغا ئەۋەتىلگەن مەكتۇپلاردىن خەۋەر تاپقان تۆمۈرتاش ھاياتىنىڭ خەتەر ئىچىدە قالغانلىقىنى، ئەبۇ سەئىدكە ۋە ئۆز لەشكەرلىرىگە ئىشىنەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئائىلىسىنى خاتىرجەم بولغۇدەك بىر قەلئەگە ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئانادولۇنىڭ باش ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى قېيىن ئىنىسى ئەمىر ئەراتناغا تاشلاپ بېرىپ، 1327-يىلى 10-ئايدا مىسىردىكى مەملۇك سۇلتانىدىن پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن ئانادولۇدىن ئايرىلىدۇ[80]. تۆمۈرتاش مىسىرغا كېتىۋاتقانىدا ئەمىر ئەراتنامۇ

سۇنغۇر ئاغا بىلەن بىرلىكتە قارامان ئوغلى بەدرەددىننىڭ يېنىغا كېتىدۇ[81].

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۆمۈرتاش بىلەن ئەراتنانىڭ مۇناسىۋىتى ئەغىردىر ئۈزۈشىدىن كېيىن بۇزۇلغان بولۇشى كېرەك، تۆمۈرتاش بۇنداق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تورۇپمۇ ئانادولۇنىڭ باش ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ئەمىر ئەراتناغا بېرىشى چۈشىنىشلىك ئىش. بۇ ھالەت تۆمۈرتاشنىڭ باش ۋالىيلىق ۋەزىپىسگە لايىق بىرسىنى تاپالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنىدەك، خوتۇنىنىڭ ئاكىسى بولغان ئەمىر ئەراتناغا ئىشىنىش ۋە ئائىلىسىنى ئامانەت قويۇشقا مەجبۇر بولغان دەپ ئىزاھلاش مۇمكىن.

ئانادولۇدەك تۈركمەن بەگلىرى ھەممە يەردە مۇستەقىللىق جاكارلاشقا تەييار تۇرغان ئۆلكىدە، تېگى ئۇيغۇر بولغان ئەراتنانىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقالىشى قانداق مۇمكىن بولىسۇن؟ تۈركمەن بەگلەر ئانادولۇدىكى ئۇيغۇر ئەراتناغا قانداقمۇ ئىتائەت قىلسۇن؟ ئەراتنا تۈركمەن بەگلىرى ئۈستىدە قانداقمۇ ئۆز نوپۇزىنى تىكلىيەلىسۇن؟ بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان سوئاللارغا نۆۋەتتە كەلگەندە جاۋابىنى بېرىپ باقمىز. بۇ سەھىپىدە ئەمىر ئەراتنا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىككىنچى دەرىجىدىكى ئەمىرلىكتىن تىرىشچانلىقى، دۇرۇسلۇقى، جاسارىتى ۋە ھېيلىگەرلىكىگە تايىنىپ بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمىرلىككە ئۆسكەن ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي نوپۇزىنى تىكلىگەن. بۇ ماددىي ۋە مەنىۋى نوپۇزى بىلەن 1327 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئەمىر تۆمۈرتاش مىسىرغا قاچقاندىن

كېيىن ئىگىسىز قالغان ئانادولۇنىڭ باش ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى ۋاكالىتەن بولسىمۇ ئۆزى ئۆتەشكە مۇۋەپپەق بولغان.

# 4. ئەراتنانىڭ باش ۋالىيلىق دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى

## 1) جەلايىر بەگلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

سۇلتان ئەبۇ سەئىد ئىراندا دىمىشىق خوجا ۋە ئەمىر چوبانىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ ئانادولۇدىكى تۆمۈرتاشنى مىسىرغا قېچىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. چوبانىلىقلارغا قارشى كۈرەشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ يېڭى ھاكىمىيەت دەۋرىنى باشلايدۇ. بۇ يېڭى دەۋرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئانادولۇدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ۋە مەيدانغا كەلگەن پائالىيەتلەر ھەققىدە ئېنىق ماتېرىياللارغا ئىگە بولالمىدۇق. لېكىن تۆمۈرتاش ئورنىغا ئەمىر ئەراتنانى ۋەكىل قىلىپ قويۇپ، ئۆزى مىسىرغا قېچىشقا تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەردە، ئەبۇ سەئىدمۇ تۆمۈرتاشنى ئەمىلىدىن قالدۇرۇپ، باش ۋالىيلىققا يېڭى بىر ئەمىرنى تەيىنلىمەكچى بولغانلىقىنى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەردىن بىلىۋالدۇق. بۇ ھۆججەتتە «ئەبۇ سەئىد تاغىسى ئەمىر ئەلى پادىشاھنى ئانادولۇنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئۇمۇ ئورنىغا ئىنانچ نويىنىنى ۋەكىللىككە تاللاپ ئەرزۇرۇمغا ئەۋەتىدۇ. ئەرزۇرۇمغا كەلگەن ئىنانچ نويان سىۋاسنى ئىگىلىيەلمەيدۇ. چۈنكى ئەمىر ئەراتنا سىۋاسنى مەھكەم قوغداپ، ئىنانچنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. ئارقىدىنلا يەنە ئەقىللىق سىياسىيون ۋە ھېيلىگەرلىكىگە تايىنىپ ئىنانچ بىلەن كېلىشىۋالغان ئەمىر ئەراتنا سىۋاسنى تولۇق قولغا كىرگۈزىدۇ. بۇ چاغدا قارامان ئوغلى ياخشى بەگ

ئانادولۇ ئۆلكىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈۋېلىپ، ئىنانچقا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىدۇ ۋە ئۇنى نىكساردا مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئىنانچ نويانىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئەمىر ئەراتناغا پايدىلىق بولۇپ قالىدۇ. ئانادولۇدىكى ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئەمىر ئەلى پادىشاھ بارلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئانادولۇغا جازا يۈرۈشى قىلىپ كېلىدۇ. ئەمما قىش كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سىۋاستا قىشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئاخىر ئەمىر ئەلى پادىشاھ ئەمىر ئەراتنانى ئورنىغا ۋەكىل قىلىپ قويۇپ قايتىدۇ ۋە 1328 ـ يىلى خوراسانىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ»[82] دېيىلگەن بولۇپ، ناھايىتى قالايمىقان خاتىرىلەنگەن. ئەمما ئەمىر ئەراتنانىڭ ئانادولۇنىڭ باش ۋالىيلىقىنى ۋەكالىتەن ياكى رەسمىي يۈسۈندا ئۆتەۋاتقان 1328 ـ يىلى ئەبۇ سەئىد باھادىرخان بۇ قېتىممۇ جەلايىرلىقلاردىن شەيخ ھەسەننى باش ۋالىيلىققا تەيىنلەيدۇ[83]. شەيخ ھەسەن جەلايىرمۇ باش ۋالىيلىقنى ئۆزى ئۆتىمەي، ئۇ يەردىكى ئۆزىگە ساداقەتلىك دەپ ئىشەنگەن ئەمىر ئەراتنانى ئۆزىگە ۋەكىل قىلىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ[84]. شۇنىڭدىن كېيىن ئەراتنانىڭ ھەسەن شەيخ جەلايىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشلىنىدۇ.

ئەمىر ئەراتنا ئەمىر تۆمۈرتاشقا قارىغاندا ۋەزىيەتنى ياخشى ئىدارە قىلىش ئارقىلىق، سۇلتانغا بولغان يېقىنلىقىنى ساقلايدۇ ۋە ئانادولۇنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇپ، ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەيدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، ئۇ سىۋاسنى مەركەز قىلىپ تاللاپ، پائالىيەتلىرىنى سىۋاستا داۋاملاشتۇرىدۇ[85].

شەيخ ھەسەن جەلايىر 1329 ـ يىلى كۆچلۈك بىر قوشۇن بىلەن ئانادولۇغا كېلىدۇ. قارامان ئوغلى ياخشى بەگنى ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق، ئانادولۇنى سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ نامىغا ئىستىلا قىلىدۇ. ئەمىرلەرنىڭ باش ئېگىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەراتنا ۋە بۇنۇقشاھتەك بەگلەرنى ئانادولۇغا ۋەكىل قىلىپ قويۇپ، باغدادقا قايتىدۇ ۋە ئىشلارنى باغداتتا تۇرۇپ ئىدارە قىلىدۇ[86]. ئەراتنا كۆرۈنۈشتە شەيخ ھەسەنگە ئىتائەت قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە ئانادولۇنى ئىگىلىۋېلىش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ[87]. شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەمىر ئەراتنا ئىلخانىيلار زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا، ئانادولۇدا ئۆز نامىدا بىر دۆلەت قۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشكەن.

ئەمىر ئەراتنا سىۋاستا پائالىيەتلىرىنى سىستېمىلىق يۈرگۈزۈۋاتقاندا، تۆمۈرتاش مىسىردا ئۆلتۈرۈلىدۇ. تۆمۈرتاش بىلەن مىسىرغا قاچقان ھامىد ئوغلى نەجمىددىن ئىسھاق بەگمۇ ئانادولۇغا قايتىپ، دادىسىنىڭ ئۆلكىسىگە ھۆكۈمدار بولىدۇ. ھامىد ئوغۇللىرىنىڭ مەركىزى بولغان ئەغىردىگە ئورۇنلىشىپ، ئىسھاق بەگ بۇ يەردە تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. ئەشرەف ئوغۇللىرى پۈشتىدىن ھېچكىم قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆلكىسىدىن قارامانلىقلار بىلەن گەرمىيانلىقلار ئورتاق مەنپەئەتلىنىدۇ[88].

ئەبۇ سەئىد باھادىرخان شەيخ ھەسەن جەلايىردىن ئەمىر چوبانىنىڭ قىزى باغداد خاتۇننى ئەمرىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا «ھۆنكار» دېگەن نامنى بېرىدۇ. بۇ نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن ھايات قالغان جەمەتلىرى يېڭىدىن ئەتىۋارلىنىشقا باشلايدۇ[89].

ئەبۇ سەئىد باھادىرخاننىڭ تەۋەلىكىدىكى ئانادولۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئەمىرلەرنى پروفېسسور دوكتور فارۇق سۈمەر «ئانادولۇنىڭ ئەمىرلىكلىرىگە تەيىنلەنگەن ئەبۇ سەئىدنىڭ تاغىسى ئۇيرات مۇھەممەت ۋە ئۇيغۇر ئىسەن قۇتلۇغنىڭ ئوغلى مەھمۇد ۋە باغدادنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن شەيخ ھەسەن جەلايىر قاتارلىق كىشىلەر ئىدى»[90] دەپ بايان قىلىدۇ.

ئانادولۇنىڭ ئەمىرى ئۇيرات مۇھەممەد 1329-يىلى ئەمىلىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا ئۇيغۇر ئىسەن قۇتلۇغنىڭ ئوغلى مەھمۇد تەيىنلىنىدۇ. ئەمىر ئەراتنانىنىڭ ئىرانغا قاچان ۋە قانداق بېرىپ، مەركەزدىكى ئەمىرلەر قاتارىغا قېتىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئانادولۇ ئەمىرىنىڭ مىللەتدىشى بولغان مەھمۇدنىڭ ئىرانغا قايتىشىدا ئەمىر ئەراتنانىمۇ بىللە ئېلىپ مېڭىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن[91].

شەيخ ھەسەن جەلايىرنى كونا خوتۇنى باغداد خاتۇن بىلەن مەكتۇپلاشقان دەپ گۇمانلانغان ئەبۇ سەئىدخان 1332-يىلى ئۇنى كەماھە قەلئەسىگە سۈرگۈن قىلىدۇ. ئۇ قەلئەدە خاننىڭ ھامىسى بىلەن بىرگە تۇرىدۇ. بۇ پىتنە سەۋەبىدىن باغداد خاتۇنمۇ خاننىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپ، باغداد خوتۇن قايتىدىن ئەتىۋارلىنىشقا باشلايدۇ. 1333-يىلى ئالغۇرنىڭ ئوغلى دەۋلەتشاھ ئانادو-لۇنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئانادولۇغا كېلىپ بولغۇچە يولدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. دەۋلەتشاھنىڭ ئورنىغا كەماھە قەلئە-سىدىكى شەيخ ھەسەن جەلايىرنى ئەۋەتىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى

ئۆتەۋاتقان ئىسەن قۇتلۇغنىڭ ئوغلى مەھمۇد مەركەزگە قايتىدۇ. ئەمەلىيەتتە 1334-يىلى سۇلتان ئەبۇ سەئىد ئۆستۈرگەن ئەمىر مۇسافىر ئىناقنى تارتىپ چىقىرىپ ئوڭدا قويۇش خىيالىدا بولىۋاتقان چاغدا نىرۇن ئاكا ئوغلى نىكرۇز-نىڭ ئوغلى سۇلتانشاھ، قىپچاق بايتىمىشنىڭ ئوغلى مۇھەم-مەدبەگ، پارسىنىڭ بۇرۇنقى ھاكىمى مۇھەممەد ئىنجۇ ۋە ئەمىر ئەراتنادەك ئىسەن قۇتلۇغنىڭ ئوغلى مەھمۇد قاتارلىقلار بار ئىدى. ئەمىر ئىناقنى ئوڭدا قويۇپ بولغۇچە، يۇقىرىقى ئەمىرلەرنىڭ ھەربىرىنى بىردىن قەلئەگە سولاپ قويغان. بۇ ۋەقەدە ئەمىر ئەراتنا ئانادولۇدىن قېچىپ قۇتۇلغان. ئانادولۇنىڭ باش ۋالىيسى شەيخ ھەسەن جەلايىر سۇلتان ئەبۇ سەئىدكە ئىلتىجا قىلىپ ئەمىر ئەراتنانى قايتىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەمىر ئەراتنا شەيخ ھەسەن جەلايىرنىڭ ياردىمى بىلەن قايتىدىن ئىلگىرىكى ئىناۋىتىگە ئېرىشىپ، ئانادولۇدىكى پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ[92].

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەمىر ئەراتنا سۇلتان ئەبۇ سەئىد ئانادولۇدىكى باش ۋالىينىڭ ئورۇن باسارى ۋەزىپىسىدە ئەۋەتىلگەنلىك سۈپىتى بىلەن ئەقىل ئىشلىتىپ، ئىنچىكە سىياسەت قوللىنىش نەتىجىسىدە ئىشەنچلىك بىر ئەمىر ئىكەنلىكىنى ھەممىگە تونۇتقان. ئۆزتۇنا «ئوغۇز بەگلىرىدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئانادولۇ خەلقىنى ئەزمىگەن»[93]، «ھەم زۇلۇم سۈيقەست بىلەن شۇغۇللانمىغان»[94] ۋە ئانادولۇ تۈركلىرىنى ئۆزىگە ئامراق قىلىپ، بەگلەر ئارىسىدا ساغلام بىر نوپۇز تىكلىۋالغان دەپ بايان قىلغان.

زەكى ۋەلىدى تۇغاننىڭ دەل كېلىدىغان بىر ئىسپاتى ۋە قىياسىغا قارىغانىدا، سۇلتان ئەبۇ سەئىد 1330 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، سۇيىئىستىمال قىلىنىۋاتقان باجلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەمىر ئەراتنانى ئەنقەرەگە ئەۋەتىدۇ. ئەمىر ئەراتنا ئەنقەرەگە كېلىپ خەلقنى قاقشىتىۋاتقان ھايۋان ساناق بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېزىلارنى مۇتتەھەم غالچىلاردىن قۇتقۇزغان.

بۇ مۇھىم ئىسپاتلار ئانادولۇدا ئىلخانىيلار نامىدا ۋۇجۇدقا چىققان مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمىر ئەراتنانىڭ ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ماراكەشلىك مەشھۇر سەيياھ ئىبنى بەتۇتە ئانادولۇنىڭ ساياھەتنامىسىدە ئەراتنا ۋە ئەلنى ئىدارە قىلىش ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. ئانادولۇنىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئەمىر ـ نويانلار، ئاھى* رەئىسلەر بىلەن كۆرۈشكەن ئىبنى بەتۇتە 1333 ـ يىلى ئاقسارايغا كېلىدۇ ۋە بۇ يەردىكى ئەمىر ئەراتنانىڭ ۋەكىلى سودىگەر شەرىف ھۈسەيىننى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان بولىدۇ. ئىبنى بەتۇتە ئەمىر ئەراتنانىڭ ئاقساراي ۋە نىغدەنى شەيخ ھەسەن جەلايىرنىڭ نامىدا ئىدارە قىلىۋاتقانلىقىنى خاتىرىلىگەن. بۇ ئىسپات تارىخ تەرەققىياتىغمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. نىغدەدىن ئانادولۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان قەيسەرىگە كەلگەن ئىبنى بەتۇتە ساياھەتنامىسىدە كۆرگەنلىرىنى قىسقىچە قىلىپ، ئىراقنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئەمىر ئەراتنانىڭ سۇلتان بىلەن تۇغقانچىلىقى بار، ئىسىللىكى ۋە گۈزەللىكى بىلەن تونۇلغان

ھەم سۇلتانغا يېقىنلىقى سەۋەبىدىن نامىغا مۇناسىپ ھالدا «ئاغا» ئۇنۋانىنى ئالغان «توغا خاتۇن» دېگەن بىر خاتۇننىڭ قەيسەرىدە تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ خاتۇننىڭ ئۆز سارىيىنىڭ دەرۋازىسىدا ئۆرە تۇرۇپ كۈتۈۋالغانلىقىنى، گۈزەل سۆزلەر بىلەن سالاملاشقانلىقىنى، ۋە ئەڭ چوڭ ئاھىلەردىن ئاھى ئەلىنىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان قىلغانلىقىنى، قەيسەرىدىن ئايرىلىشىدا ئەمىر ئەراتنانىڭ خوتۇنى ئۆزىگە ئېگەر-جابدۇقلۇق، سۆلەتلىك بىر ئات بىلەن تون ۋە پۇل ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ ئۇزىتىپ قويالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتقانلىقىنى بايان قىلىپ، قەيسەرىدىكى ئەراتنالىقلار ھاكىمىيىتىگە ئائىت خاتىرە قالدۇرغان[95].

تارىختا تۈرك بەگ ۋە سۇلتانلارنىڭ خوتۇنلىرىمۇ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئەرلىرىگە ياردەمچى بولۇپ، مۇھىم سىياسىي روللارنى ئوينىغان ھەم كۆپ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئىبنى بەتۇتە قەيسەرىدە كۆرگەن ھەم ھەرىكىتىدىن ھەيران قالغان ئەمىر ئەراتنانىڭ خوتۇنى توغا خاتۇن، تۈرك ئاياللىرىدىن بىر ئۆرنەك بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىختىن ئورۇن ئالغان.

قەيسەرىدىن سىۋاسقا كەلگەن ئىبنى بەتۇتە سىۋاستىمۇ قەيسەرىدىكىدەك، ئىراق باش ۋالىيسىنىڭ ئانادولۇدىكى ۋەكىلى ئەمىر ئەراتنانىڭ ھۇزۇرىدا ئۈچ كۈن مېھمان بولغان ھەم ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىنغان[96].

ئىبنى بەتۇتە سىۋاستىكى ئاھىلەردىن پىچاقچى ئەھمەدنىڭ مۇرىتلىرى كۈتۈۋالغانلىقىنى، پىيادە ۋە بىرتوپ كىشىلەر بىلەن خانىقاغا كەلگەنلىكىنى، ئاھى رەئىسى پىچاقچى ئەھمەدتىن مەرتىۋىسى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئاھى

چەلەبى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ مېھمان بولغانـ
ـلىقىنى، ئارقىدىن ئەمىر ئەراتنانىڭ سىۋاس قازىسى رەھبەرـ
لىكىدە كۈتۈۋېلىشقا بىر ئۆمەك ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇلار ئېلىپ
كەلگەن ئاتقا مىنىپ ئەمىر ئەراتنانىڭ يېنىغا باغانلىقىنى،
ئەراتنانىڭ ئۆز سارىيىنىڭ دەرۋازىسىدا سالام بىلەن كۈتۈۋـ
ۋالغانلىقىنى ۋە ئۆزى بىلەن ئەرەبچە كەڭـكۇشادە
سۆھبەتلەشكەنلىكىنى، ئاھى چەلەبىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغان
ئالتە كۈن ئىچىدە ئەمىر ئەراتنانىڭ ئىلتىپاتىنى كۆگەنلىكىنى،
ئاخىرىدا ئەمىر ئەراتنانىڭ بىر ئات، كىيىم ۋە پۇل ـ پۇچەك
ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىنى ھەم ئۆزىگە تەۋە بولغان يەرلەردىكى
ئەمىرلەرگە ئۇنى ئوبدان كۈتۈۋېلىش ھەققىدە بۇيرۇق
چۈشۈرگەنلىكىنى ساياھەتنامىسىدە خاتىرىلەپ قويغان[97].

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىۋاسنى مەركەز
قىلىپ، شەيخ ھەسەن جەلايىرغا ۋاكالىتەن ئانادولۇنىڭ باش
ۋالىيلىقىنى ئۆتەۋاتقان ئەمىر ئەراتنا ئۆزى باش ۋالىيدەك
پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە،
ئانادولۇدا ئەڭ پارلاق بىر زاتلىق ئورنىغا چىققان.

ئەبۇ سەئىد باھادىرخان ۋاپاتىنىڭ ئالدىدا شەيخ ھەسەن
جەلايىر ئاخىرقى قېتىم ئورنىغا ئەمىر ئەراتنانى ۋەكىل قىلىپ
قويۇپ ئىرانغا قايتىدۇ. سۇلتان ئەبۇ سەئىدخان 1335 ـ يىلى
11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېخى پەرزەنتسىز، ياش تۇرۇپ ۋاپات
بولىدۇ. ئەبۇ سەئىدنىڭ ۋاپاتى بىلەن تەڭ ئىچكى كۈرەش
باشلىنىپ ئىلخانىيلار ھاكىمىيىتىنى پارچىلايدىغان بىرمۇنچە
ئۆمرى كۆتە بەگلىكلەر قۇرۇلىدۇ. شەيخ ھەسەن ئانادولۇدىكى
چېغىدا ئەبۇ سەئىدنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلىمىغاچقا، بىر ئورۇننى

ئىگىلەش مەقسىتىدە ئىرانغا كىرىدۇ. ئەمىر ئەرتانامۇ سىۋاسنى مەركەز قىلىپ تاللاپ، شەيخ ھەسەن جەلايىرنى ئىتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. شەيخ ھەسەن جەلايىر ئىرانغا مېڭىشىدا ئەزەربەيجانغا كېلىپ، جەلايىر قەبىلىسىگە تەۋە ئەمىرلەرنى كۈشكۈرتۈپ، ھاكىمىيەتكە خىرىس قىلىدۇ. چىڭگىزخان جەمەتىگە تەۋە بەزى خانلاردەك ئۇمۇ ئىلخانىيلارنىڭ تەختىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىران، ئىراق ۋە ئەزەربەيجاندا مەيدانغا كەلگەن ئۆكتىچىلەردىن پايدىلىنىشقا باشلايدۇ[98].

ئەبۇ سەئىد باھادىرخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئاپارخان تەختكە چىقىرىلغان بولسىمۇ، دىيار باقىر ۋالىيسى ئەلى پادىشاھ ئۇنىڭ خانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەلى پادىشاھ ئاپارخان بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىپ چىقىدۇ ۋە ئاپارخاننى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇسانى خان قىلىپ تىكلىگەن بولسىمۇ، ھوقۇق ئەلى پادىشاھنىڭ قولىدا بولىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاران تۆت ئاي داۋاملىشىدۇ. ھاجى تۇرغاي چىڭ تۇرىۋالغاچقا، شەيخ ھەسەن جەلايىر ھۇلاكۇخان جەمەتىدىن بولغان مۇھەممەدنى خان دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، ئەلى پادىشاھقا جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. 1336-يىلى 7-ئاينىڭ 24-كۈنى ئالاتاغ ئېتىكىدىكى قاراتۆپىدە ئۇرۇشۇپ، شەيخ ھەسەن جەلايىر غەلىبە قىلىپ، ئەلى پادىشاھنى ئۆلتۈرىدۇ. مۇسا بىتەرەپ بولۇپ تۇرىۋالغاچقا، ئەمىر ئەرتانامۇ كۆپ كۈچ توپلىۋالىدۇ[99].

شەيخ ھەسەن جەلايىر ھوقۇقنى قولىغا كىرگۈزۈۋاتقاندا، چىڭگىزخان جەمەتىدىن بەزى خانلار ئىلخانىيلارنىڭ تەختىنى

قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ. بۇ ھالەتتە شەيخ ھەسەن جەلايىر رەقىپلىرىدىن ۋاقىتلىق قۇتۇلۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەراتنا ئانادولۇدا، ھاجى تۇرغاي مۇسۇلدىن ئەرزۇرۇمغىچە بولغان شەرقىي ئانادولۇ رايونىدا، قارا ھەسەن باغداد تەرەپتە، سۇرغان ئاررانىدا، مەھمۇد شاھ ئىنجۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد شاھ شەيخ ھەسەننىڭ نامىنى قوللىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ[100].

ئانادولۇنىڭ سىرتىدا يۈز بېرىۋاتقان تاماشىلار بولىۋاتقاندا، ئەمىر ئەراتنا ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىدارە قىلىپ، مەرتىۋىسى توختىماي ئۆسۈش بىلەن بىرگە، شەيخ ھەسەن جەلايىر بىلەن بولغان مەنىۋى مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ھەتتا شەيخ ھەسەن جەلايىرنى ھۆكۈمدار دەپ جاكارلىغان تۇغا تۆمۈر ۋە جىھان تۆمۈر خانلارنىڭ نامىدا تەڭگە قۇيدۇرىدۇ[101].

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەمىر ئەراتنا ئەبۇ سەئىد باھادىرخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىلخانىيلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن بولسىمۇ، پەقەت شەيخ ھەسەن جەلايىرغا شەكىل جەھەتتىن باغلىنىپ تۇرغان، مەلۇم بولغىنىدەك، شەيخ ھەسەن جەلايىر بىلەن ئەراتنا ئارىسىدا بىر-بىرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەم سەمىمىي مۇناسىۋەت ساقلانغان.

شەيخ ھەسەن جەلايىر ھەممە ئىشلىرىنى ئىزىغا سېلىۋالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ چوبانلىق شەيخ ھەسەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، چوبانلىق شەيخ ھەسەن ئۇنىڭ يېڭى رەقىبى بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك،

ئەمىر تۆمۈرتاش مىسىردا پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ شەيخ ھەسەن، مەلىك ئەشرەف، مەلىك ئەشتەر ۋە مىسىر مەلىك دېگەن تۆت ئوغلى ئانادولۇدا قالغان، كېيىن باغداد خاتۇنىنىڭ ھىمايىسىدە ھاياتىنى ساقلىغان. ئۇ ۋاقىتتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەمىرلەر ئەمىر تۆمۈرتاش تاشلاپ كەتكەن بايلىق ۋە قۇللارنى ئىگىلىۋېلىشقان. شەيخ ھەسەن چوبانى دادىسىنىڭ مىسىردا ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكىنى، تۇرمىدىن قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دادىسىغا ناھايىتى ئوخشايدىغان بىر قۇلنى «دادام تۆمۈرتاش» دەپ جاكارلايدۇ ۋە يېنىغا ئۆز تەرەپدارلىرىنى توپلاشقا باشلايدۇ[102].

شەيخ ھەسەن چوبانىينىڭ بۇ ساختىلىقىغا ئۇنىڭ دادىسىغا سادىق كىشىلەر ئىشىنىپ قالغان. شەيخ ھەسەن چوبانى بۇ ھىيلىسىنى تېخىمۇ راست قىلىش ئۈچۈن ئانىسى دەۋلەت خاتۇننى ساختا تۆمۈر تاشقا نىكاھلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ سىياسىي ئويۇندا غەلىبە قىلىدۇ ۋە چوبانىلىقلاردىن، ئويراتلاردىن ۋە تۈركمەنلەردىن كۈچلۈك بىر قوشۇن تەشكىللىنىدۇ. شەيخ ھەسەن چوبانى ئۆزى بىلەن ئىسىمداش بولغان شەيخ ھەسەن جەلايىرغا ۋە ھاجى تۇرغايغا ساختا تۆمۈر تاشنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە باش ئېگىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار تەلەپنى رەت قىلغاندىن كېيىن، شەيخ ھەسەن چوبانى ساختا تۆمۈرتاش بىلەن بىرلىكتە لەشكەر باشلاپ، 1338-يىلى 7-ئاينىڭ 16-كۈنى ئالاتاغقا يېقىن شەھرىنەۋدە ئۇرۇشۇپ، شەيخ ھەسەن جەلايىر بىلەن ئىتتىپاقداشى ھاجى تۇغاينى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ساختا تۆمۈرتاش بىلەن

شەيخ ھەسەن چوباننىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلىدۇ. ئاخىر شەيخ ھەسەن چوبانى ئۆزى يۆلەپ چىقارغان بۇ ئادەمنى ئۆزى يوق قىلىدۇ. شەيخ ھەسەن چوبانى بۇ نۆۋەتتە ئۇلجايتۇنىڭ قىزى ۋە ھامىسى سۇرغاننىڭ ئانىسى ۋە ئۆز ۋاقتىدىكى ئەبۇ سەئىدنىڭ سىڭلىسى ساتىبەگ خاتۇننى ھۆكۈمدار دەپ جاكارلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئارران ۋە ئەزەربەيجاننىڭ ھاكىمى بولمىش شەيخ ھەسەن جەلايىر باغدادقا چېكىنىدۇ[103]. شۇنىڭ بىلەن ئەزەربەيجان ۋە ئانادولۇ شەيخ ھەسەن جەلايىرنىڭ قولىدىن شەيخ ھەسەن چوباننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتىدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ ۋاقىتتا ئەمىر ئەراتنامۇ ئانادولۇنى ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىشقا باشلايدۇ.

شەيخ ھەسەن چوبانى بىر مەزگىلدىن كېيىن ساتىبەگ خاتۇننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئورنىغا ھۇلاكۇنىڭ ئوغلى سۇلايماننى چىقىرىدۇ ۋە ساتىبەگ خاتۇننى زورلاپ نىكاھىغا ئېلىۋالىدۇ. مۇشۇ ئۆيلىنىش تارىخى — 1340 ـ يىلىدىن باشلاپ چوبانلىقلار بىلەن جەلايىرلىقلار ئوتتۇرىسىدا يېڭى ئۇرۇش ـ ماجرا دەۋرى باشلىنىدۇ. ئىراق ـ ئەرەبكە چېكىنگەن شەيخ ھەسەن جەلايىر 1340 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شەيخ ھەسەن چوبانىغا قارشى لەشكەر تارتىپ كېلىپ قاتتىق يېڭىلىدۇ ۋە مۇشكۇل بىر ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ھالدا قالغان شەيخ ھەسەن جەلايىر ئىتتىپاقدىشى ئەلى پادىشاھنىڭ ئىنىسى سەيفىددىن ھافىز بىلەن بىرلىكتە مىسىرغا ئەلچى ئەۋەتىپ مەلىك ناسىردىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئەينى چاغدا ئۆزىگە دەرغەزەپ بولغان ھاجى تۇغاي بىلەن ئەپلىشىش ئۈچۈن سۇلتاندىن ئىناۋىتىنى تىكلىۋېلىشىنى ئىلتىجا قىلىدۇ. شەيخ

ھەسەن جەلايىر ياردەمگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، باغداد، مۇسۇل ۋە ئىراق-ئەجەمنى مەلىك ناسىرغا بېرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ يەرلەردە ئۇنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاخىر مەلىك ناسىرنىڭ تەشەببۇسلىرى نەتىجىسىدە ھاجى تۇغاي شەيخ ھەسەن جەلايىر بىلەن ئەپلىشىپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شەيخ ھەسەن چوبانى قورچاق خان سۇلايماننىڭ قولى بىلەن سۇتايلارغا تەۋە شەھەرلەرنى بۇلاپ-تالاپ، ئۇرۇپ-چېقىپ، ئەپلىشىشنىڭ شەرتلىرىنى قېيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شەيخ ھەسەن چوباننىڭ بۇنداق ھەرىكەتلىرى ئالدىدا چارىسىز قالغان شەيخ ھەسەن جەلايىر ۋە ئىتتىپاقدىشى ھاجى تۇغاي مىسىر سۇلتانىغا قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ، لەشكەر ئەۋەتىپ ياردەم قىلسا، ئۆلكىسىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ، تەڭگە قۇيدۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەزەربەيجانغا لەشكەر ئەۋەتىشنى قارار قىلىپ بولغان مەلىك ناسىر تەييارلىقلىرىنى دەرھال پۈتكۈزۈش ھەققىدە ئەمىر قىلغان چاغدا، جەلايىرلار بىلەن چوبانىيلارنىڭ ئەپلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق بىئارام بولىدۇ. ئەسلىدىنلا كېسەل ياتقان مەلىك ناسىر بۇ بىئاراملىق تەسىرىدە 1341-يىلى 5-ئاينىڭ 28-كۈنى ۋاپات بولىدۇ[104].

## 2) مەملۇق سۇلتانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

جەلايىرلار بىلەن چوبانىيلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ۋە بۇ ئارىدا شەيخ ھەسەن چوباننىڭ پائالىيەتلىرىنى كۆرىمىز. كۆپ دىققەت بىلەن كۆزەتكەن ئەمىرلەرنىڭ بىرى شۈبھىسىزكى، شەيخ ھەسەن جەلايىرنىڭ ئانادولۇغا ۋەكىل قىلىپ قويغان ئەمىرى ئەراتنادۇر. ئەمىر

ئەراتنا شەيخ ھەسەن جەلايىرنىڭ شەيخ ھەسەن چوبانىنى يېڭىپ چىقىشىنى ئۆز ئىستىقبالى ئۈچۈن تەھدىت دەپ ھېسابلاپ، مىسىر مەملۇق سۇلتانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش يولىنى تاللايدۇ ۋە دەرھال ھەرىكەتنى باشلايدۇ. دەرۋەقە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئەمىر ئەراتنانىڭ ئەنسىرىگىنى ئالدىغا كېلىدۇ. يەنى شەيخ ھەسەن چوبانى ئانادولۇغا كۆز تىكىدۇ.

ئانادولۇنى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كويىغا كىرگەن شەيخ ھەسەن چوبانى شەيخ ھەسەن جەلايىرغا قارشى كۈرەشتە زەپەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئانادولۇغا ئەۋەتكەن بىر خەۋەر ئارقىلىق ئەمىر ئەراتنانىڭ ئۆزىگە تەۋە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئانادولۇدا ئۆز نامىدا بىر ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئەمىر ئەراتنا چوبانلىق شەيخ ھەسەننىڭ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، چوبانلىق شەيخ ھەسەن قوشۇن تارتىپ ئەمىر ئەراتنانىڭ تەۋەلىكىدىكى يەرلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، شەرقىي قاراھىسارغىچە بولغان يەرلەرنى بېسىۋالىدۇ ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ[105].

شەيخ ھەسەن جەلايىرنى جايلىۋەتكەن شەيخ ھەسەن چوبانى ئۆزىگە بويسۇنمىغان ئەمىر ئەراتنانى جازالاش كويىغا كىرىدۇ. خاتىرىلەردىن بۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ خېلى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە ماقرىزىنىڭ خاتىرىلىشىچە، 1337 ـ 1338 ـ يىللاردا شەيخ ھەسەن چوبانى مۇھەننانىڭ ئوغلى ئەرەب جەببارنى يېنىغا

ئەكىلىپ ئەراتنا بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن لەشكەر توپلاشقا باشلىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلگەن[106].

دىققەت بىلەن ئەقىل ئىشلىتىپ ھەرىكەت قىلىشنى بىلگەن ئەمىر ئەراتنا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئۆزىنى خەتەرلىك ماجىراغا ئارىلاشتۇرمىغان. شەيخ ھەسەننىڭ چوبانىيلارغا قارىتا، ئەمىر ئەراتنا سىۋاس سۇلتانى قازى بۇرھانىددىن ئەھمەدنىڭ بوۋىسى قەيسەرى قازىسى سىراجىددىن سۇلايماننى 1337 ـ 1338 ـ يىللىرىدا مىسىردىكى مەملۇق سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى مەلىك ناسىرغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۆزىگە ياردەم قىلىش شەرتى بىلەن سۇلتاننىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە ئانادولۇنى ئىدارە قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىلتىماس قىلىدۇ. ئەمىر ئەراتنا شەيخ ھەسەن جەلايىرنىڭ ئىراقتا بىر دۆلەت قۇرغانلىقى سەۋەبى بىلەن ياردەمسىز قالماسلىق ئۈچۈن، مىسىردىكى مەملۇق سۇلتانلىقىنىڭ ھىمايىسىگە كىرىش يولىنى تاللايدۇ[107].

ئەمىر ئەراتنانىڭ ئەلچىسى بولۇپ مىسىرغا كەلگەن قازى سىراجىددىن سۇلايمان ئەمىر ئەراتنانىڭ مەكتۇپىنى ۋە ئىلتىماسىنى مەلىك ناسىرغا تاپشۇرىدۇ. مەلىك ناسىرمۇ بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، ئەراتناغا مال ـ دۇنيا ۋە شاھانە كىيىملەرنى ھەدىيە قىلىدۇ. مەلىك ناسىر ئەراتنانى ئانادولۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئەرتنا سۇلتان نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ تەڭگە قۇيدۇرىدۇ. قۇيدۇرغان تەڭگىلەردىن بىرقانچە دانىسنى ئىسپات ئۈچۈن ئانادولۇدىن مىسىرغا ئەۋەتىدۇ[108]. مەملۇق سۇلتانى ناسىرمۇ ئۇنىڭ بۇ

سەمىمىي ئارزۇ ۋە ئىتائىتىگە سۆيۈنۈپ ئەراتنانىڭ ئەلچىلىرىگە شاھانە كىيىملەرنى كىيدۈرىدۇ ۋە ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ. ئەمىر ئەراتنانامۇ شەيخ شەھابىددىن.ھۇسەيىن يازغان «ئانادولۇ ئۆلكىسى نائىپلىقى» (ياردەمچى ياكى ئورۇنباسارى) دېگەن ۋاكالەت مەكتۇپىنى ئەۋەتىدۇ[109].

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەراتنانىڭ مەلىك ناسىرغا تەۋە بولۇشى سۇلتانىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمىر ئەراتنانىڭ ئۆزىنىڭ ئىستىكى ۋە ئىلتىماسى بىلەن بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئانادولۇنى ئىدارە قىلغاندا مەملۇق سۇلتانى مەلىك ناسىرغا تايىنىپ ۋە سەمىمىي ئىتائىتىنى كۆرسىتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇنىڭ بىلەن ئەراتنا ئۈچۈن يېڭى بىر دەۋر باشلانغان. بۇ دەۋردە ئەراتنانىڭ قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەزىدە دوستلارچە، بەزىدە دۈشمەنلەرچە بولغان.

ئەمىر ئەراتنا 1337-يىلىدىن باشلاپ 1341-يىلى مەملۇق سۇلتانى مەلىك ناسىر ئۆلگۈچە بولغان ئارىلىقتا سۇلتان نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ، تەڭگە قۇيدۇرغان ۋە تەڭگىلەرنىڭ بىرقىسمىنى ساداقەت ۋە ئىتائەتمەنلىك بەلگىسى قىلىپ مىسىرغا ئەۋەتىش ئارقىلىق مەملۇقلارغا بولغان ئىتائىتىنى قوغدىغان ۋە كۆرسىتىپ كەلگەن.

ئەمىر ئەراتنا بۇ ئىپادىلىرىنى شەكىل ئۈچۈن كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە سۇلتانمۇ ئەمىرلىرىگە ھېچقاچان ئەھمىيەت بەرمىگەن. شۇڭا 1339-يىلىدىن باشلاپ ئەمىر ئەراتنا ئانادولۇدا مەملۇق سۇلتانى نامىغا خۇتبە ئوقۇتمىغان ۋە تەڭگە قۇيدۇرمىغانلىقىنى بىلگەن مەلىك ناسىر ئەراتنانىڭ بۇ

قىلمىشىغا غەزەپلىنىپ، ئەراتنانىڭ باشقۇرۇشىدىكى شەھەرلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ئەمر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن مەملۇق قوشۇنلىرى دارەندەنى ئىگىلىۋالغان[110].

### 3) دۇلقادىر بەگلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىلخانىيلار قوشۇنى بىلەن ئانادولۇغا ئەمىر بولۇپ كېلىپ تىرىشچانلىقى ۋە بىلىشچانلىقى بىلەن ھەممەيلەننىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئىلخانىيلارنىڭ ئانادولۇدىكى باش ۋالىيسى بولۇشتىن ئىلگىرى، ئەمىر تۆمۈر تاش چوبانىغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن باش كۆتەرگەن شەيخ ھەسەن جەلايىرغا ۋاكالەتچى بولغان ئەمىر ئەراتنانىڭ ئانادولۇنى ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىشىدا، شەيخ ھەسەن چوباندىن كېلىدىغان خەتەرلەردىن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن، مىسىردىكى مەملۇك سۇلتانى مەلىك ناسىرنىڭ ھىمايىسىگە كىرىش يولىنى تاللىغانلىقىنى بايان قىلغانىدۇق.

ئەمىر ئەراتنا شەيخ ھەسەن چوبانىغا بويسۇنۇپ ئەگمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇ ۋە قوشنىسى تۈركمەن بەگلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ كۈرەشتە ئەمىر ئەراتنا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئۇيغۇر بولۇشىغا قارىماي، ئانادولۇدا ئۆز غەيرىتى ۋە ئۇستا سىياسىيونلۇقىغا تايىنىپ غەلىبە قىلىدۇ.

تۆۋەندە ئەمىر ئەرەتنانىڭ چوبانلى شەيخ ھەسەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەڭ ئالدىنقى قاتارىغا قويۇش بىلەن بىرلىكتە قوشنا بەگلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىمىز.

مەلۇم بولغىنىدەك، ئەمىر ئەراتنا بۇ مەزگىلدە تۈركمەنلەرنىڭ جەنۇبتىن بېسىپ كەلمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئەبۇ سەئىد باھادىرخاننىڭ ۋاپاتىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، موڭغۇللار ئارىسىدا توختىماي قانلىق كۈرەش باشلىنىدۇ. بۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈۋاتقان تۈركمەنلەر ھەممە يەردە ئۆز نامىدا ھاكىمىيەت تىكلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ[111].

ئەمىر ئەراتنا ئۆز نامىدا بەگلىك بەرپا قىلىۋاتقاندا، قوشنىسى تۈركمەن بەگلىرىدىن قارامان بەگلىكى[112]، ئوسمانلى[113]، تاجەددىن ئوغۇللىرى[114]، ئاماسيا بەگلىكى[115] ۋە باشقا تۈركمەن بەگلىرى بىلەن بەزىدە دوستانە، بەزىدە دۈشمەنلەرچە مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يۇقىرىقى بەگلىكلەرنىڭ ئىچىدە ئەراتنا بەگلىكى بىلەن ئەڭ كۆپ مۇناسىۋەتلەشكەن قوشنا بەگلىكلەرنىڭ بىرى شۈبھىسىزكى، دۇلقادىر بەگلىكىدۇر[116].

ئەلبىستان ۋە ماراش تەرەپتە يەرلەشكەن ئوغۇزلارنىڭ بوزۇقلۇ ئۇرۇقىدىن بولغان دۇلقادىر تۈركمەنلىرى شىجائەت ۋە جاسارىتى بىلەن تونۇلغان. بۇلار سىياسىيدىن پايدىلىنىشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، بىر بەگلىك قۇرۇش يولىدا زەيىنىددىن قاراجا بۇزۇق ۋە ئاغاچەرى تۈركمەنلىرىنى ئەتراپىغا توپلايدۇ. دۇلقادىر بەگلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى زەيىنىددىن قاراجا 1335-يىلى كىلىكياغا بارغاندا ئەرمەنى زېمىنىدا قاراقچىلارغا ئۇچرايدۇ. سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىلخانىيلاردا ئوتتۇرىغا چىققان زىددىيەتلەردە، ئەلبىستانلىقلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن تۈركمەن ئاتامانلىرىدىن خەلىل ئەتتارافى،

شەيخ ھەسەن جەلايىرنىڭ ئانادولۇدىكى ۋەكىلى ئەمىر ئەراتنانىڭ قولىدىن ئەلبىستانىنى تارتىۋېلىپ، مىسىر سۇلتانلىقىدىن نائىپلىق ئەملىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن دۇلقادىرنىڭ ئوغلى قاراجا ئوغلى خەلىلنى 1337 ـ 1338 ـ يىللىرى تۈركمەن ئەتتارافىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. دۇلقادىر ئەۋلادىدىن خەلىل ئەتتارافىنى يېڭىپ ئەلبىستانىنى قولغا ئالدى[117]. شۇنىڭ بىلەن دۇلقادىر بەگلىكىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى تۇنجى ئۇرۇش غەلبىسى تېخىمۇ چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قاراجا ئەلبىستانىنى ئەمىر ئەراتنانىڭ قولىدىن ئەمەس، خەلىل ئەتتارافنىڭ قولىدىن ئالغان. بۇ كۈرەشتە ھەلەپ ۋالىيسى ئالتۇن بۇغا خەلىل ئەتتارافنى قوغدىغاندا شام ۋالىيسى تېڭىزنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن قاراجا قاھىرەگە بېرىپ، سۇلتان مەلىك ناسىردىن تۈركمەن بەگلىكى ۋە ئەلبىستان ۋالىيلىقىنى قولغا ئالدى. بۇنداق بولغاندا، دۇلقادىرنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان بۇ بەگلىك 1337 ـ 1338 ـ يىللىرى قۇرۇلغان بولىدۇ. جاراجق بەگلىكىنى قۇرا ـ قۇرمايلا شىمالدىكى قوشنىسى ئەمىر ئەراتنانىڭ قولىدىكى يەرلىرىگە ھۇجۇم باشلىغان بولسىمۇ، مەملۇق سۇلتانىنىڭ ئاگاھلانـ ـدۇرۇشى بىلەن بۇ ھەرىكەتتىن ۋاز كېچىدۇ[118]. بۇنىڭ بىلەن 1338 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دارەندە ۋالىيسى ھادىم ھاجىم مەرجەن مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن خوجىسى ئەمىر ئەراتنانىڭ يېنىغا كېتىشىدىن پايدىلانغان دۇلقادىر ئوغلى زەينىددىن قاراجا تۈركمەن بەگلىرىدىن ئەمىر ئەلى گەرگەرى، ئىبراھىم

گۆندەلىكى، ئىلبەيئوغلى قارا خەلىل ۋە قارا ئوغلى قاتارلىق قىرىقچە باھادىرنى دارەندەگە ئەۋەتىدۇ. دارەندە قەلئەسىنى قورشىۋالغان بۇ بەگلەر قەلئە ئىچىدىن قولغا كەلتۈرگەن، ئۆزلىرىنىڭ تەرەپدارى بولغان بىر كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن يىپتا تارتقاندەك قەلئەگە كىرىپ ئەمىر ئەراتنانىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە قەلئەنى ئىگىلەپ، دۇلقادىر ئوغلى زەينىددىن قاراجاغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. مەملۇق سۇلتانى مەلىك ناسىر قاراجانىڭ بۇ غەلىبىسىنى، بولۇپمۇ شەھەر ئىگىلىگەنلىكىنى، زەپەر خەۋىرىنى يەتكۈزۈۋشكە بىر ئەمىر ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى مەكتۇپنى كۆرۈپ خۇشاللىق بىلەن قاراجاغا شەرەپنامە ئەۋەتىدۇ ۋە بارىكاللا ئوقۇپ، غەلىبىسىنى ماختايدۇ. مەلىك ناسىر دارەندەنىڭ نائىپلىقىغا ئەمىر تېكىرنى تەيىنلەپ ئانادولۇغا ئەۋەتىدۇ[119].

قاراجا بۇ قەلئەنى نائىپقا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغاندا، ئەراتنا بىلەن قاراجا ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلايدۇ. نەتىجىدە ئەراتنانىڭ قوشۇنى يېڭىلىدۇ. مىسىر سۇلتانىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئەراتنا بىلەن قاراجا ئەپلىشىدۇ ۋە تىنچلىق ئەھدىنامىسى ئىمزالايدۇ. بۇ تىنچلىق ئەھدىنامىسىدىن قاراجا پايدا ئالىدۇ. ئۇ بەك كۆپ غەنىيمەتلەرنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن باشقا، ئەراتنانىڭ تەۋەلىكىدىن يىگىرمە بەش مىڭ تۇياق قوي، ئات ۋە تۆگىگە ئىگە بولىۋالىدۇ[120]. ئەمىر ئەراتنا بۇ چاغدا سىۋاسنى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. سىۋاسنى كىمنىڭ قولىدىن ئالغانلىقى ھەققىدە ماتېرىيال تاپالمىغان بولساقمۇ، ئەراتنانىڭ شەھەرنى شەيخ ھەسەن

چوبانىنىڭ تەيىنلىگەن ۋالىينىڭ قولىدىن تارتىۋالغانلىقى پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان ئىھتىمال دەپ قارىلىدۇ[121].

مەملۇق سۇلتانى مەلىك ناسىر ھىجرىيىنىڭ 740 ـ يىلى، مىلادىيىنىڭ 1339 ـــ 1340 ـ يىللىرى ئەمىر ئەراتنانىڭ ئانادولۇدا ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ تەڭگە قۇيدۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپ بولۇپ، ئەراتنانىڭ تەۋەلىكىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ھەلەپ ۋالىيسىغا ئەمىر قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلغانىدۇق. مەلۇم بولغىنىدەك، ھەلەپ ۋالىيسى مەلىك ناسىرنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئەراتنانىڭ پايتەختى سىۋاس ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەراتنا دەرھال مەلىك ناسىرغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئەلچى ناھايىتى نۇرغۇن قىممەتلىك چېدىر ۋە تۈرلۈك ھەدىيىلەر بىلەن بىللە ئەراتنانىڭ تۈركمەنلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ يازغان بىر مەكتۇپىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىدۇ[122].

ئەمىر ئەراتنا مەملۇق سۇلتانىغا يازغان مەكتۇپىدا تۈركمەنلەرنىڭ ئۆز تەۋەلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، كۆپ بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ، تەدبىر قوللىنىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سۇلتان مەلىك ناسىر ئەمىر ئەراتناغا يازغان مەكتۇپىدا بولسا شىكايەت قىلغان تۈركمەن قاراقچىلارنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇتماسلىقنى، تەڭگە قۇيدۇرماسلىقنى تەكىتلەپ، ئەراتنانى تەنە بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ[123].

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەراتنانى شىكايەت قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ۋەقەلەر ئەسلى سۇلتان مەلىك ناسىرنىڭ قولى ئارقىلىق يۈز بەرگەن. سۇلتان مەلىك ناسىر بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق، ئەمىر ئەراتنانىڭ مۇستەقىل

ھەرىكەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە، بۇرۇن-قىدەكىلا ئۆزىگە ئىتائەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەتنى ساقلاپ قالغان.

ئەمىر ئەراتىنامۇ مەكتۇپ ۋە ھەدىيىلەرنى خېلى ۋاقىت ئۈيلىشىپ، ئاندىن ئەۋەتكەن. چۈنكى ئەراتنا مەلىك ناسىرنىڭ نامىغا ئاشكارا خۇتبە ئوقۇتۇپ، تەڭگە قۇيدۇرسا قوشنا بەگلىكلەرنىڭ ۋە ئادەتتىكى جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتەتتى. ئەگەر سۇلتانىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلسا، ھەلەپ ۋالىيسى بىلەن قاراجانىڭ ئانادولۇنى ئىشغال قىلىۋېلىشىدىن قورققان. دەرۋەقە ئەمىر ئەراتنانىڭ ئويلىغىنىدەك، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول بار ئىدى. ئەراتنا ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە ئەڭ مۇۋاپىق بولغان يول مەلىك ناسىرغا يەنە تەۋە بولۇش يولىنى تاللايدۇ.

ھەلەپ ۋالىيسى ئەمىر تاشتۆمۈر 1341-1342-يىللىرى ئەلبىستان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلارنى ئىگىلەپ، كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان قاراجانىڭ ئىتائەتتىن باش تارتىپ، ئەمىر ئەراتنا بىلەن ھەلەپكە لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى مەملۇق سۇلتانىغا مەلۇم قىلىدۇ. ئەمما ئەمىر تاشتۆمۈرنىڭ ئەۋەتكەن خەۋىرى كاسسىغا ئۇرۇپ تاپقان گەپلەر ئىكەنلىكى بايقىلىدۇ. چۈنكى شۇ يىلى بۇ يوق گەپلەرنى ئەۋەتكەن تاشتۆمۈر قاراجانىڭ ياردىمى بىلەن ھەلەپتىن چىقىپ، قەيسىرىگە كېلىدۇ ۋە ئەمىر ئەراتنانىڭ يېنىدا پاناھلىنىدۇ[124]. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مىسىرنىڭ ئاتابېگى ئەمىر كوسۇن، مەلىك مەنسۇرنى ئۆلتۈرۈپ، بەش ياشلىق مەلىك ئەشرەفنى تەختكە چىقىرىپ، دۆلەتنى پەردە

ئارقىسىدا تۇرۇپ ئىدارە قىلماقچى بولىدۇ. ئەينى يىلى سۈرىيىدە كوسۇنغا قارشى بەزى ئەمىرلەر تەييارلانغاندا تاشتۆمۈر قېتىلىدۇ ۋە بۇ ھەرىكەتتە غەلىبە قىلىپ سەلتەنەتنىڭ نائىپلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ھەلەپ نائىپى تاشتۆمۈر بىلەن بىرلىكتە مىسىرغا بارغان زەيىنىددىن قاراجا، بىر مەزگىلدىن كېيىن پالاكەتكە ئۇچراشنىڭ ئالدىدا مەملۇق سۇلتانلىقىغا قارشى ئىسيانغا تەييارلىنىپ، ھەلەپ شەھىرىگە تەھدىت سېلىشقا باشلايدۇ[125].

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەمىر ئەراتنا قاراجانىڭ تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالماي، مەملۇق سۇلتانىغا نەچچە قېتىم شىكايەت قىلىپ، ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمىر ئەراتنا ياكى ئوغۇللىرى ۋەياكى كېيىن ئەراتنانىڭ ئەۋلادىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان قازى بۇرھانىددىن ئەھمەد تۈركمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالالمىغان ۋە تۈركمەنلەرنىڭ كېڭىيىپ سىۋاسنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىرىگىچە تارقىلىشىنى مەنئىي قىلالمىغان[126].

## 4) چوبان بەگلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە قارانبۇك ئۇرۇشى

ئەمىر ئەراتنانىڭ 1339—1340-يىللىرى مەملۇق سۇلتانى نامىغا خۇتبە ئوقۇتماسلىقى ۋە تەڭگە قۇيدۇرماسلىقى سەۋەبىدىن مەلىك ناسىرنىڭ ئەراتنانى قىيىن ئەھۋالدا قويغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلغانىدۇق. ئەمىر ئەراتنا ھەر ۋاقىت بولۇۋاتقان ھەم بولىدىغان خەتەرگە قارشى بىر تەرەپتىن باغدادتا دۆلەت قۇرغان شەيخ ھەسەن جەلايىر بىلەن دوستلۇقنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن مەملۇق سۇلتانلىقىنىڭ ھىمايىسىگە كىرىپ چىقىش

يولىنى تېپىشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ سىياسەتنى بەلگىلەيدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، شەيخ ھەسەن چوباننىڭ ئەمىر ئەراتناغا قارشى تۇرۇشنى قارار قىلىشى سەۋەبىدىن، ئەراتنانىڭ مەملۇق سۇلتانىغا يېقىنلىششى مۇۋاپىق بولغان. ئەراتنانىڭ مىسىر سۇلتانىغا يېقىنلىششىنى قوللاپ، ياردىمىنى كۈتكەن دوستى ۋە ئۇستازى شەيخ ھەسەن جەلايىرمۇ شەيخ ھەسەن چوباننىڭ تەھدىت سېلىشىدىن قۇتقۇزۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمىر ئەراتنا ئەقىللىق ۋە ماھىر سىياسىيون بولغاچقا، 1342 ـ 1343 ـ يىللىرى بۇرۇنقىدەك ۋەزىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مەملۇق سۇلتانى ئىمادەددىن ئىسمائىل (1342 ـ 1345) غا قەيسەرى قازىسى سىراجىددىن سۇلايماننى بىر مەكتۇپ بىلەن مىسىرغا ئەۋەتىدۇ. ئەراتنا مەكتۇپىدا مەلىك ناسىرنىڭ زامانىدىكىدەك، سۇلتاننىڭ تەۋەلىكىگە كىرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئانادولۇنىڭ نائىپلىقى ئۈچۈن نىشان تەلەپ قىلىدۇ[127]. ئەمىر ئەراتنانىڭ مەملۇق سۇلتانىغا مۇنداق مۇراجىئەت قىلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولسا، گەپ ئاڭلىماس شەيخ ھەسەن چوباننىڭ ئانادولۇغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇزۇنچارشىلى بىلەن سۈمەر ئەپەندى ئەراتنانىڭ مەملۇق سۇلتانىغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى «شەيخ ھەسەن چوبانغا قارشى ئېھتىيات يۈزىسىدىن قوللانغان تەدبىر» دەپ قارايدۇ[128]. ئەمىر ئەراتنانىڭ بۇ ئەندىشىسى قانچىلىك توغرا بولغانلىقىنى بىر يىلدىن كېيىن

شەيخ ھەسەن چوبانى بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىدىن كۆرۈۋالىمىز.

چوبانىيلارنىڭ ئانادولۇدا شەرقىي قاراھىسارغىچە بولغان ئەرزۇرۇم، ئەرزىنجاندەك «بىر مۇنچە قەلئەلىرى بولۇش بىلەن بىرگە، ئەسلىي مۇھىم بولغان مەسىلە دادىلىرىنىڭ سەۋەبىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ئانادولۇغا ھاكىم بولۇش ھەققىمىز بار دەپ قارىغاچقا، ئەراتنانىڭ ئۆزىگە تەۋە بولۇشىنى قوبۇل قىلمىغىنىدىن باشقا، تەدبىرلىك ھەرىكەت قوللىنىپ، ئانادولۇدا بارغانسېرى نوپۇزىنى ئاشۇرۇپ ھۆكۈمدارلىقىنى يۈكسەلدۈرۈشى ۋە بۇ ۋاقىتتا چوبانىيلارغا تەۋە بەزى يەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشى»[129] بىلەن بىرلىكتە «سۇلتانلىق داۋاسىنى قىلىشى» [130] شەيخ ھەسەن چوبانىنى ئاچچىقلىتىپ قويغان. شۇڭا شەيخ ھەسەن چوبانى 1340 ـ 1341 ـ يىللىرى ئەرزۇرۇمغا كېتىۋېتىپ، بۆيۈك ئەمىرلىرىدىن ئوردۇ بۇقايى توقانىنى ئەراتنا بىلەن دوست ياكى ئىتتىپاقداش بولغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋە ئەراتنا بىلەن تۇتۇشۇش ئۈچۈن بوش ۋاقىت تاپقان[131].

ئەزەربەيجاندا ھاكىمىيەت قۇرغان شەيخ ھەسەن چوبانى ئەمىر ئەراتنانىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبلىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئانادولۇغا قاراتقان پائالىيىتىنى تېزلەتكەن. ئەراتنانى يوقىتىپ ئانادولۇدا ھاكىمىيەت قۇرۇش نىيىتىدە تۇرۇۋاتقان شەيخ ھەسەن چوبانى ئانادولۇ يولىدىكى توسالغۇلارنىڭ قالمىغانلىقىنى پۇرسەت بىلىپ[132]، ئۆزى ھۆكۈمدار دەپ جاكارلىغان سۇلايمان خاننى قوماندان قىلىپ ئالدىن تەييارلىغان قوشۇننى ئانادولۇغا ئەۋەتىدۇ. بۇ سەپەرگە شەيخ

ھەسەن چوبانىنىڭ قاتناشقان ياكى قاتناشمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. چۈنكى بىز كۆرگەن مەنبەلەرنىڭ بىر قىسمىدا شەيخ ھەسەن چوبانىنىڭ سۇلايمان خان بىلەن بىرلىكتە ئانادولۇغا سەپەر قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن[133] بولسا، مۇتلەق كۆپ سانلىقىدا شەيخ ھەسەن چوبانىنىڭ ئانادولۇ سەپىرىگە قاتناشمىغانلىقى، غەلىبە قىلىشقا ئىشەنگەن سۇلايمان خاننى بۇ سەپەرنىڭ لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى خاتىرىلەنگەن[134].

ئانادولۇغا لەشكەر باشلاپ ماڭغان سۇلايمان خاننىڭ قوماندانلىقىدىكى شەيخ ھەسەن چوبانىنىڭ قوشۇنىدا بايانجارنىڭ ئوغلى ئابدۇل، ياقۇپ شاھ ۋە ئەمىر شەيخ ھەسەننىڭ ئوغلى قوچ (قوچقار) ھۈسەيىندەك تەجرىبىلىك قوماندانلار بار ئىدى. شەيخ ھەسەن چوبانى بۇ سەپەرگە ئۆزى چىقماي، سۇلايمان خاننى لەشكەر بېشى قىلىپ ئەۋەتىشىنىڭ سەۋەبىنى فارۇق سۈمەر: «ئانادولۇدىكى موڭغۇللار سۇلايمان خاننى كۆرۈشى بىلەن ئىلگىرىكى نەچچە قېتىمقىدەك، سۇلايمان خان تەرەپكە ئۆتۈشنى ئۈمىد قىلغانلىقىدىن» دەپ چۈشەندۈرىدۇ[135].

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، شەيخ ھەسەن چوبانى مەملۇق سۇلتانى ئىمامەددىن ئىسمائىلنىڭ ئەمىر ئەراتنانى ھىمايىسىگە ئالغانلىقىدىن ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قالمىغانلىقىنى ۋە بۇلاردىن قورقمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ھەم ئانادولۇدا ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن سەپەر تەييارلىقىنى تاماملاپ، سۇلايمان خان قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى ئانادولۇغا ئەۋەتكەن.

ئانادولۇدا ئابرويى ۋە ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىشى كېڭەيـ-
ـيىۋاتقان ھەم بۇ سەۋەب بىلەن شەيخ ھەسەن چوبانىنى
ئېتىراپ قىلمىغان ئەمىر ئەراتنا مەلۇم بولغىنىدەك، شەيخ
ھەسەن چوبانىدىن ھەر زامان كېلىش ئېھتىمالى بولغان
خەتەرگە قارشى بىر تەدبىر سۈپىتىدە مەملۇق سۇلتانلىقىغا
تايىنىشى مۇۋاپىق بولغان. بۇ ئىش ئۈچۈن قەيسەرىنىڭ
قازىسى سىراجىددىن سۇلايماننى پەۋقۇلئاددە ئەلچى قىلىپ
تەيىنلەپ قاھىرەگە ئەۋەتىپ، سۇلتاندىن كېرەكلىك قوللاش
ۋە ياردەم ئالدۇ. شەيخ ھەسەن چوبانىنىڭ ئانادولۇ ھەققىدە
كۆرۈۋاتقان چۈشى ۋە ئۆزىگە قارشى غەزىپىنى ئېسىدىن پەقەت
چىقارمىغان ئەمىر ئەراتنا مەملۇق سۇلتانلىقىنىڭ قوللىشى ۋە
ياردىمىگە قانائەت قىلماي، ئۆزىدىكى بارلىق ئىمكانلاردىن
پايدىلانغان. شۇڭا ئەمىر ئەراتنا «سۇلايمان خاننىڭ بېسىپ
كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلار- ئاڭلىماستىن مەملۇقلارنىڭ مۇنتىزىم
ھەربىي كۈچىدىن باشقا، موڭغۇللار ۋە يەرلىك تۈركلەرنى
توپلاپ»[136] تەييارلىقنى پۈتكۈزىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇش ھالىتىگە
ئۆتىدۇ. سۇلايمان خان چوبانىيلار قوشۇنىنى باشلاپ ئانادو-
لۇغا ئىلگىرىلەۋاتقاندا، ئەمىر ئەراتنامۇ ئۇنى ساقلاشقا باشـ-
ـلايدۇ. ئېنىق نەتىجە چىقىدىغان بۇ ئۇرۇشتا ناۋادا سۇلايمان
خان غەلىبە قىلسا، شەيخ ھەسەن چوبانى ئەراتناغا ئۆزىنى
بىر تونۇتۇپ قويىدۇ ھەم ئەراتنانىڭ ھامىيسى ۋە ئەينى
زاماندا دادىسى ئەمىر تۆمۈرتاشنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب
بولغان مەملۇق سۇلتانلىقىدىن ئىنتىقامىنى ئالىدۇ. ھەممىدىن
مۇھىمى شۇكى، ئانادولۇدا چوبانى ھاكىمىيىتىنى تەسىس

قىلىدۇ. ناۋادا بۇ ئۇرۇشتا ئەرەتنا غەلىبە قىلسا، چوبانىيلارنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلىدۇ ۋە تەبىئىي يوسۇندا چوقۇم ئانادولۇدا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار شۇ زاماندا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار دەپ قاراش بولىدۇ.

قارانبۇك ئۇرۇشى: شەيخ ھەسەن چوبانى ئەرەتنانىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى بولغان سىۋاسنى قورشاپ، شەھەرنى ئىگىلەپ، ئانادولۇدا ئەرەتنا ھاكىمىيىتىگە كەسكىن خاتىمە بېرىشنى پىلانلايدۇ ۋە سۇلايمان خان قوماندانلىقىدىكى قوشۇنغا بۇ بۇيرۇقنى بېرىدۇ[137]. شەيخ ھەسەن چوبانىينىڭ بۇ پىلانىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان ئەمىر ئەرەتنا ھەرىكەت قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنىنى سىۋاسقا يىراق بىر تۈزلەڭلىكتە ئۇچرىتىدۇ[138]. تارىختىكى ئەڭ قانلىق ئۇرۇشلاردىن بىرى يۈز بەرگەن بۇ تۈزلەڭلىكتىكى سىۋاس بىلەن ئەرزىنجانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن جاينى «قارانبۇك، قەرەنبۇك، گەرەنبۇك، كەسەنبۇك» دەپ ئاتايدۇ[139]. ھەر ئىككى قوشۇن تەييارلىقلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شىددەت بىلەن جەڭگە كىرىدۇ. ئۇرۇشنىڭ بېشىدا سۇلايمان خاننىڭ قوشۇنى ئەرەتنانىڭ قوشۇنىدىن ئۈستۈنلۈكنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى پالاكەتكە ئۇچرىتىدۇ. ئەرەتنانىڭ قوشۇنى ئىچىدە پالاكەتكە ئۇچراپ سېپى قالايمىقانلاشقانلىقىنى كۆرگەن سۇلايمان خاننىڭ ئەسكەرلىرى قاچقانلارنى قوغلاشقا ۋە غەنىيمەتلەرنى قولغا كىرگۈزۈشكە باشلايدۇ[140]. بىردەمدە پالاكەتكە ئۇچرىغان ئەرەتنا ياساۋۇللىرى بىلەن بىرلىكتە بىر

دۆڭنىڭ ئارقىسىغا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇندۇ. سۇلايمان خاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قۇتۇلغان ئەراتنا يوشۇرۇنغان دۆڭنىڭ ئارقىسىدا پال ئېچىش ئۈچۈن دومباقنىڭ ئۈستىگە ئاتقان ئوشۇقنىڭ تىك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنى ياخشىلىق دەپ چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەلىبە قىلالىشىغا ئىشىنىدۇ ۋە ئىشەنچ بىلەن يوشۇرۇنغان دۆڭنىڭ چوققىسىغا چىققان ئەراتنا سۇلايمان خاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ناھايىتى ئاز لەشكەر بىلەن قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ساقلاۋېرىپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھال دۆڭدىن چۈشۈپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ ۋە سۇلايمان خاننى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ[141]. سۇلايمان خان بىلەن ئۇنىڭ ياساۋۇللىرى ئەراتنانىڭ بۇ ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرالماي، قېچىشقا باشلايدۇ. ئۇرۇشنىڭ بېشىدا ئەراتنانىڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاشقا كەتكەن ۋە غەنىيمەت ئېلىش بىلەن ئالدىراش يۈرگەن سۇلايمان خاننىڭ لەشكەرلىرىمۇ خاننىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ قاچىدۇ. ئەراتنا بولسا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ زەپەر قازىنىدۇ[142].

ئەراتنانىڭ غەلىبىسى، سۇلايمان خاننىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان قارانبۇك ئۇرۇشى كۆپ سانلىق مۇئەللىپلەرنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا 1343-يىلى 9-10-ئايلاردا يۈز بەرگەن[143].

ئەمىر ئەراتنانىڭ قارانبۇكتا غەلىبە قىلىشىدا ئاماسيا ئەمىرى كۇرد بەگ ۋە ئوغلى ھاجى قۇتلۇق شاھ بىلەن ئاماسيا ۋالىيسى زەينەددىن تۇلنىڭ رولى چوڭ بولغان. كۇرد بەگ ئۇرۇشتا ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇ ئۇرۇشتا ئەمىر ئەراتنانىڭ

لەشكەرلىرىدىنمۇ ناھايىتى كۆپ زىيان بولغان. سۇلايمان خاننىڭ لەشكەرلىرىدىن كۆپ سانلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىرگە چۈشكەن. بۇ ئەسىرلەر ئارىسىدا تېخى ھەسەن چوباننىڭ ئەمىرلىرىمۇ بار. بۇ غەلىبە بىلەن ئەرەتنا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىمۇ سۇلايمان خان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ ناھايىتى كۆپ مۈلكىنى غەنىيمەت ئالغان[144] . بۇ غەنىيمەتلەرنىڭ بىر قىسـ ـمىنى ھەلەپ ۋالىيسى يىل بۇغا يەھيەۋىيگە ئەۋەتىپ بەرگەن بولسىمۇ، دۇلقادىرلاردىن قاراجا ئۆز تەۋەلىكىدىن ئۆتكەن بۇ غەنىيمەتنى تارتىۋالىدۇ. بۇنىڭغا دەرغەزەپ بولغان يىل بوغا قاراجاغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال لەشكەر ئەۋەتىدۇ. ئارقىدىن ئۆزىمۇ كېلىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىسى قاراجانى يېڭەلمەيدۇ[145].

ئەمىر ئەرەتنا شەيخ ھەسەن چوباننىڭ قارانبۇكتىكى مەغلۇبىيىتىدىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، سۇلايمان خاننى قوغلىمىغىنىدەك، ئىلگىرى شەيخ ھەسەن چوباننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئەرزۇرۇمدىن شەرقىي قاراھىسارغىچە بولغان يەرلەرنىمۇ قايتۇرۇۋېلىشقا دەرھال ئاتلانماي، تەدبىر بىلەن ھەرىكەت قىلىشنى بىلگەن. شەيخ ھەسەن چوبانى ئانادولۇغا جازا يۈرۈشى قىلدۇرۇپ كۆتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، قارانبۇك ئۇرۇشىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ئەمىرلەردىن ياقۇپ شاھ بىلەن تاغىسىنىڭ ئوغلى قوچ ھۈسەيىننى زىندانغا تاشلاپ، يېڭىلگىنىگە چىدىيالمىغانـ لىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇنداق سەپرا ۋە قارام ئادەمنىڭ يېـ ـڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدىغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. ئەمما بۇ ئىنتىقامنى ئېلىشقا ئۆمرى يار بەرمىگەن، يەنى قارانبۇك ئۇرۇـ

شىدىن ئىككى ئاي كېيىن شەيخ ھەسەننىڭ خاتۇنى ئىززەت مۇلك 1343 - يىلى 12 - ئايدا شەيخ ھەسەننى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ۋەقە ئەراتنا ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىملىق غەلىبە بولىدۇ[146]. شەيخ ھەسەندەك ئاناتولۇنىڭ شىرىن چۈشىنى كۆرۈۋاتقان ئەڭ خەتەرلىك رەقىبىنىڭ بىئەجەل ئۆلتۈرۈلۈشى ئاناتولۇنى ئىدارە قىلىۋاتقان ئەمىر ئەراتنانى راھەت بىر نەپەس ئېلىش ۋە ئەركىن ھەرىكەت قىلىش شارائىتىغا ئېرىشتۈرىدۇ[147]. شەيخ ھەسەن چوبانىنىڭ ئىنىسى مەلىك ئەشرەف چوبانى (1343 - 1357) مۇ ئەراتنانى ئۆزىگە تەۋە قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئەراتنا مەلىك ئەشرەفكە تەۋە بولۇش تەكلىپىنى جاسارەت بىلەن رەت قىلىش، بۇ خەتەر- دىن قۇتۇلۇشنى بىلىدۇ ۋە ئاناتولۇدىكى ئورنىنى مۇقىم ھالەتتە ساقلاپ قالىدۇ[148].

قارانبۇك ئۇرۇشى تارىختا ئاز ئۇچرايدىغان ئۇرۇشلارنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. ئويلىمىغان ۋاقىتتا ۋە بىر شەكىلدە مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئۆزگەرتكەن ئەمىر ئەراتنا دۈشمەنلى- رىنىڭ شىرىن چۈشىنى بۇزۇپ، دوستلىرىنى ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ، ئاناتولۇنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا گېپى ئۆتىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەمىر ئەراتنانىڭ غەلىبىسى بىلەن چوبانىيلارنىڭ ئاناتولۇدا ھاكىمىيەت قۇرۇش خىيالى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ ھەم ئەراتنا ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن ئاناتولۇدىكى تۈرك بەگلىكلىرىمۇ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان يېڭى بىر خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

تۈركىيە تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قارانبۇك ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەمىر ئەراتنانىڭ ئاناتولۇدا دۆلەت

قۇرۇش يولىدىكى ھەربىي ۋە سىياسىي نوپۇزىنى ئانادولۇدىكى باشقا بەگلەر ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىگە تولۇق مۇستەقىللىق يولىنى ئاچىدۇ. تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغىنىدەك، ھەقىقەتەنمۇ ئەمىر ئەراتىنا قارانبۇكتىكى غەلىبىسىدىن كېيىن مۇستەقىللىققا ئېرىشىش بىلەن بىرگە، ئانادولۇدىكى باشقا بەگلەرنىمۇ ئۆزىگە ھۆرمەت ۋە ئىكرامدا تۇرىدىغان بىر ۋەزىيەتتە تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ[149].

## 5. ئەراتنانىڭ سۇلتانلىق دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى

مەلۇم بولغىنىدەك، قارانبۇكتىكى غەلىبىسى ۋە ئارقىدىنلا شەيخ ھەسەن چوبانىينىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئەمىر ئەراتنانى ۋە ئانادولۇدىكى باشقا تۈرك بەگلەرنى قاتتىق خۇش قىلىۋېتىدۇ. ناۋادا ئەمىر ئەراتنا چوبانىيلارغا قارشى بۇ بۈيۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولسا، بەلكىم ئانادولۇدىكى تۈرك بەگلىكلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى خەتەرگە ئۇچرايتتى. بولۇپمۇ ئانادولۇدا تۈرك بىرلەشمىسىنى قۇرغان ۋە ئالەمشۇمۇل بىر دۆلەت بولۇپ تارىخ سەھنىسىگە چىققان ئوسمانلى سۇلتانلىقىدىن تېخىمۇ گەپ ئاچقىلى بولمايتتى. شۇڭا ھەم ئەراتنانى كۆچلەندۈرگەن، ھەم تۈرك بەگلىرىنى ئالدىغا كېلىدىغان يېڭى بىر خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالغان قارانبۇك ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنىڭ تۈركىيە تارىخىدىكى ئەھمىيىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم.

### 1) مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئەراتنا دۆلىتىنى قۇرۇشى

1327-يىلى ئەمىر تۆمۈرتاش مىسىرغا پاناھلىق تىلەپ قاچقاندىن كېيىن، ئەمىر ئەراتنا ئانادولۇنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشتىكى ئەڭ ھوقۇقلۇق كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ ئەبۇ سەئىد باھادىرخاننىڭ ۋە مەلىك ناسىرنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇپ، مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئەمىر ئەراتنانىڭ باغدادتا دۆلەت قۇرغان شەيخ ھەسەن جەلايىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ دەرىجىسىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بىلەن سەممىي مۇناسىۋەتتە

بولغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. چۈنكى ئەراتنا سەممىيىتىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن 1340 ـ يىلىدىن كېيىن ئوغلى شەيخ ھەسەننى باغدادتىكى شەيخ ھەسەن جەلايىرنىڭ يېنىغا ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ. ئەراتنانىڭ ئوغلى شەيخ ھەسەن باغدادقا قاراپ يولغا چىققان بولسىمۇ، يېرىم يولدىن قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چالا قالغان زىيارەتتىن ئەراتنانىڭ كونا خوجىسى شەيخ ھەسەن جەلايىر بىلەن دوستلۇقىنى داۋاملاشتۇرىۋاتـ ـقانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولسىمۇ، جەلايىرغا تەۋە بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئېنىق بىلەلمەيمىز.

ئەراتنا ئىلخانىيلارنىڭ سەلتەنەت كۈرەشلىرى بولۇۋاتقاندا، كۆرۈنۈشتە ئىلخانىيلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرسىـ ـمۇ، ۋاقتى ۋە پۇرسىتى كەلگەندە مۇستەقىللىق جاكارلاشتىن يانمىغان. ئەراتنانىڭ ئۆز نامىدا ئاتالغان دۆلەتنىڭ مۇستەـ ـقىللىقىنى جاكارلىشى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋـ ـجۇت.

ئەراتنا تۆمۈرتاشنىڭ ئۆزىنى ئانادولۇغا باش ۋالىيلىقنى ۋاكالىتەن بېجىرىشكە قويۇپ كەتكەن 1327 ـ يىلىدىن ئەبۇ سەئىد ۋاپات بولغان 1335 ـ يىلىغىچە سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ پەقەت ۋالىيسى بولۇشتىن باشقا ئالدىغا ئۆتەلمىگەن. پەقەت «ئەمىر» ۋە «نويان» ئۇنۋانلىرىنى ئالغان[150]. بۇ ئەمەللەر شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئەراتنا تېخىچە مۇستەقىل بىر دۆلەت ئەربابى بولالمىغان. بۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتالمىغان ۋە تەڭگە قۇيدۇرالمىغان. مەلۇم بولغىنىدەك، 1332 ـ 1333 ـ يىللىرى سىۋاسنى زىيارەت قىلىپ ئەراتنا بىلەن كۆرۈشكەن سەيياھ ئىبنى بەتۇتە ئەمىر ئەراتنانىڭ: «ئىراق

ھۆكۈمدارىنىڭ ئانادولۇدىكى ۋەكىلى» ئىكەنلىكىنى خاتىرىلەپ، يۇقىرىقى كۆز قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ[151].

شەيخ ھەسەن جەلايىر سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ 1335- يىلىدىكى ۋاپاتىدىن كېيىن، ئانادولۇدىن ئايرىلغاندا ئورنىغا ئەراتنانى ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىگەن. ئانادولۇنىڭ باش ۋالىيلىقىنى ئۆتەۋاتقان ئەراتنانىڭ ئىلخانىيلاردىكى ئىچكى زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئىلخانىيلارغا بولغان تەۋەلىكىنى ئۈزۈپ، پەقەت شەيخ ھەسەن جەلايىر بىلەنلا مەنىۋى جەھەتتىكى تەۋەلىكىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلغانىدۇق. شۇڭا ئەمىر ئەراتنا شەيخ ھەسەن جەلايىرنىڭ ئىراندىكى ئىشلىرى سەۋەبىدىن ئانادولۇغا يەنە قايتالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشقا ئاتلانمىغان. ئەمما 1338- يىلى شەيخ ھەسەن جەلايىرنىڭ رەقىبى شەيخ ھەسەن چوبانىيغا بىرىلگەندىن كېيىن، ئەراتنا شەيخ ھەسەن چوبانىينىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلغۇزۇش تەكلىپىنى رەت قىلىپ، مۇستەقىللىق جاكارلاش يولىدىكى تۇنجى قەدەمنى باسىدۇ. ئەراتنا بۇنداق ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە يېزىلغان تارىخلاردا ئەراتنانىڭ ئۆز نامىدا خۇتبە ئوقۇتقانلىقى ۋە تەڭگە قۇيدۇرغانلىقىغا دائىر بىر خاتىرە تېپىلمىغىنىدەك، «سۇلتان» ئۇنۋانىنى ئىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئەمىر ئەراتنانىڭ بۇ يىللاردا شەيخ ھەسەن چوبانىينىڭ ھوجۇمىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مەملۇق سۇلتانى مەلىك ناسىرغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىگە كىرىش سەۋەبى بىلەن، سۇلتان

ئۇنۋانىنى ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان. شۇڭا سۇلتان بولغاندا ئاندىن ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ تەڭگە قۇيدۇرۇشقا بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ، ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ، تەڭگە قۇيدۇرۇشى مۇمكىن بولمايتتى[152].

ئەمدى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەراتنا بېشىغا كۈن چۈشكەن ھامان مەملۇق سۇلتانىنىڭ ھىمايىسىگە كىرىۋالغان. ياخشىراق كۈن كۆرگەن ھامان مۇستەقىللىقنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، سىياسىي مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋەزىيەتكە قاراپ ھەرىكەت قىلىپ غەلىبە قىلغان.

ئىچكى ۋە تاشقى خەتەردىن قۇتۇلغانلىقىنى قىياس قىلغان ئەراتنا 1339-1340-يىللىرى مۇستەقىللىق جاكارلاپ، سۇلتان ئۇنۋانىنى ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ[153]. شۇ يىللاردا شەيخ ھەسەن جەلايىرنىڭ سۇلتان دەپ جاكارلىغان جىھان تۆمۈرنىڭ نامىغا ئاتاپ، ئانادولۇدا تەڭگە قۇيدۇرغانلىقىغا قاراپ[154]، ئەراتنانىڭ ئۆز نامىغا ئاتاپ، ئانادولۇدا تەڭگە قۇيدۇرغان ياكى قۇيدۇرمىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەينى چاغدا ئەراتنا ئانادولۇدا مەملۇق سۇلتانى نامىغا خۇتبە ئوقۇتمىغانلىقى ۋە تەڭگە قۇيدۇرمىغانلىقى سەۋەبىدىن قاراجا دۇلقادىرنىڭ دارەندە قەلئەسىنى مەلىك ناسىرنىڭ تارتىۋالغانلىقىغا قارىغاندا، ئەراتنا ئانادولۇنى ئىدارە قىلىشتا ئۆز مەنپەئىتىگە قايسى بىر يول مۇۋاپىق كەلسە، شۇ يولنى تاللاپ مېڭىۋەرگەن، يەنى بەزىدە مەملۇق سۇلتانلىقىدىن پاناھلىق تىلىسە، بەزىدە شەيخ ھەسەن جەلايىر ۋە ئۇ تىكلىگەن سۇلتانلارغا بويسۇنغان. بەزىدە تېخى مۇستەقىللىق جاكارلاشتىنمۇ يانمىغان. ئەراتنا بۇ

سىياسىتىنى مەملۇق سۇلتانى مەلىك ناسىرنىڭ ۋاپاتىغىچە ھەتتاكى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ سىستېمىلىق بىر شەكىلدە تۇتۇپ، ئاۋۋال سۋاسنى، ئاندىن قەيسەرىنى مەركەز قىلىپ ئۆز نامىدا خاتىرىلەنگەن دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئۇلىنى سالغان.

ئەراتنا دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەمىر ئەراتنانىڭ «سۇلتان» ئۇنۋانى بىلەن بىرگە «ئالائىددىن»، «رەشىددىن»، «سەيفەددىن» دېگەن ئەمەل نامى بىلەنمۇ خاتىرىلەنگەنلىكى مەلۇم[155]. ئەراتنا 1340 ـ يىلىدىن كېيىن ئۆز نامىغا «ئالائىددىن» ئۇنۋانى بىلەن كۈمۈش تەڭگە قۇيدۇرغان[156]. ئەمما بۇ كۈمۈش تەڭگىنىڭ قۇيدۇرۇلغان يىلىدىكى شۈبھىلىك يېرى شۇكى، ماقرىزىنىڭ «1339 ـ 1340 ـ يىللىرىدا ئەراتنانىڭ مەملۇق سۇلتانى نامىغا خۇتبە ئوقۇتمىغانلىقى ۋە تەڭگە قۇيدۇرمىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى» دېگىنىگە قارىساق، ئۇ ئادىتى بويىچە يەنە بىر پۇرسەت تېپىپ، مۇستەقىللىق جاكارلىغانلىقىنى چۈشىنىۋالا ـ لايمىز. لېكىن، ئەراتنانىڭ خوتۇنى سۇلى پاشانىڭ 1339 ـ يىلى ئورنىتىلغان قەبرە تېشىدا «مەلىك، نويان، ئەمىر» دېگەن ئۇنۋانلار بىلەن خاتىرىلىنىپ[157]، يۇقىرىقى ئۇنۋانلىرى بىلەن ئېلىنمىغان.

كۆپ يىللاردىن بېرى سۇلتاننىڭ ھىمايىسىدە پاناھلىنىۋاتقان ئەراتنا 1341 ـ يىلى مەلىك ناسىرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، مەملۇق ئەمىرلىرى ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن ۋە ئۆزئۆزىچە داۋاملاشقان تەخت تالىشىش كۈرىشىدىن پايدىلىنىپ ئەركىن ھەرىكەت قىلغان ۋە مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن. مىسىر ۋە سۇرىيەلەردە مەيدانغا كەلگەن

زىندىيەتلەردىن پايدىلانغان ئەرەتنا مەملۇقلارنىڭ ھىمايى-
سىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ جاكار-
لايدۇ، ھەتتا ئىلگىرى قولىدىن چىقىپ كەتكەن دارەندەنىمۇ
قايتۇرىۋالىدۇ[158].

ئەرەتنانىڭ 1341-يىلىدىن باشلاپ ئۆز نامىغا تەڭگە
قۇيدۇرغانلىقىغا قاراپ، مۇستەقىللىق جاكارلىغان ۋاقتىنى
1341-يىلى دەپ قوبۇل قىلىش لازىم. بۇنىڭ بىلەن بىرگە
شەيخ ھەسەن چوبانىينىڭ تەھدىتىگە قارىتا تەدبىر
قوللىنىش ئۈچۈن 1342-1343-يىللاردا مەملۇق سۇلتانى
ئىمامەددىن ئىسمائىلغا قەيسىرىنىڭ قازىسى سىراجىددىن
سۇلايماننى بىر مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتىپ، مەلىك ناسىرنىڭ
زامانىدىكىدەك، ئۆزىگە ئانادولۇنىڭ نائىپلىقىنى بېرىشىنى
ئىلتىجا قىلغانلىقىنى بىلدۇق. بۇنىڭغا قارىغاندا ئەرەتنانىڭ
ئاشكارا ھالدا مۇستەقىللىقىنى قولغا ئېلىشى ۋە ئۆز نامى بىلەن
ئاتالغان ئەرەتنا دۆلىتىنى قۇرۇشى شەيخ ھەسەن چوبانىينىڭ
سۇلايمان خان قوماندانلىقىدىكى قوشۇنىغا قارشى قارانبۆكتە
غەلىبە قىلىشى ۋە ئارقىدىنلا چوڭ دۈشمىنى شەيخ ھەسەن
چوبانىينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن مۇمكىن بولغان[159].

ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ جاكارلىغان ئەرەتنا يالغۇز
تەۋەلىكىدىلا ئۆزى نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ، تەڭگە قۇيدۇرۇپلا
قالماستىن، يەنە ئانادولۇدىكى تۈركمەن بەگلىرىگە ئۆزىنى
تونۇتۇپ، ئابرۇيىنى ئېتىراپ قىلغۇزغان. ئەرەتنانىڭ نامى
ئابىدە، ۋەقفنامە ۋە تەڭگىلەردە «سۇلتان» ئۇنۋانى بىلەن
خاتىرىلەنگەن. يەنى قەيسەرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى
قەدىمكى نامى بولغان دەۋەلى قاراھىسار ياكى ياۋاشھىسار دەپ

ئاتالغان بۇگۇنكى يەشلھيسار ۋىلايىتىدە ئەراتنا 1346 ـ 1347 ـ يىللىرى سالدۇرغان ئۇلۇغ جامەنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە ئويۇلغان ئابىدىدە، سىۋاستىكى گۇدۇك مۇنارىغا دەپنە قىلىنغان ئوغلى شەيخ ھەسەننىڭ 1347 ـ يىلى ئورنىتىلغان قەبرە تېشىدا، توكاتتىن تېپىلغان 1348 ـ يىلى ئورنىتىلغان ئابىدىدە ئەراتنا «سۇلتان» دېگەن ئۇنۋانى بىلەن خاتىرىلەنگەن[160]. يەنە ئەراتنانىڭ ئوغلى ئىززەددىن جافەر تۈزگەن قەيسەرىدىكى بۇنيان ۋىلايىتى قاراقايا يېزىسىدىكى سەييىد ئىسا ۋەقفنامىسى ۋە ئەراتنا نامىغا قويۇلغان تەڭگىلەردە «سۇلتان» ۋە «ئالائىددىن» دېگەن ئەمەل ناملىرىنى قوللانغان[161]. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەراتنانىڭ «سۇلتان» دېگەن ئۇنۋانى بىلەن بىللە «ئالائىددىن» دېگەن ئۇنۋانىنىڭ قوشۇپ ئاتىلىشى، مۇستەقىللىق جاكارلاشتىن ئىلگىرىكى 1343 ـ يىلىدا قارانبۇكتىكى غەلىبىسىدىن بۇرۇنمۇ ئاندا ـ مۇندا كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئېنىق قىلىپ يۇقىرىقى ئۇنۋانلارنى ئۈزلۈكسىز قوللىنىپ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشى كۆپ سانلىق مۇئەللىپلەرنىڭ ئورتاق كۆزقارىشى بويىچە قارانبۇكتىكى غەلىبىسىدىن كېيىن مۇمكىن بولغان.

**2) تەۋەلىكىدىكى شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى**

سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنا ئانادولۇدا سۇلتانلىق قۇرغان سەلچۇقلارغا تەۋە بولغان كۆپ قىسىم زېمىنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، كاللا ئىشلىتىپ، سىستېمىلىق سىياسەت يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئانادولۇنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ قالغان. ئانادولۇ تۇپراقلىرىدىكى بۇ شەھەرلەر سەلچۇق سۇلتانلىقىنىڭ

بىردىنبىر مەدەنىيەت ۋە سودا مەركەزلىرى بولۇپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەنىدى. 1243 ـ يىلىدىكى كۆسەتاغ ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىلخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، 1327 ـ يىلىدىن كېيىن ئىلخانىيلاردىن قۇتۇلغان سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنا مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە ئۆتىدۇ.

سەلچۇق سۇلتانلىقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سودا مەركەزلىرىدىن ھېساپلىنىدىغان ئانادولۇدىكى شەھەرلەر سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى بۇرۇنقىدەك داۋاملاشتۇرغان.

سەلچۇق سۇلتانلىقىدىن «دارىلئەلا» (ئۇلۇغلۇق) دېگەن نام بىلەن قالغان سىۋاس ئىلخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ۋە سودا مەركىزى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان. سۇلتان ئەراتنا ئانادولۇنى قولغا ئالغاندىن كېيىن سىۋاسنى ھۆكۈمەت مەركىزى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىنمۇ، سىۋاس شەھىرى تارىخىي رولىنى ئوينىۋەرگەن. ئەراتنانىڭ ۋالىيلىق ۋە سۇلتانلىق دەۋرىدىمۇ سەلچۇق سۇلتانلىقى ۋە ئىلخانىيلار دەۋرىدىكىدەك سىۋاستا بەك كۆپ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەچكە، بۇ ۋەقەلەر سىۋاسنىڭ مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىغا ئوخشىمىغان تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. سىۋاس ئەراتنا دۆلىتىنىڭ ئۇلى سېلىنغان شەھەر بولغاچقا، بۇ شەھەردىكى قول ھۈنەرۋەنلەردىن تەشكىللەنگەن ئاھالىلەرگە سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلغان. ئاھالىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،

ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە كەسپىي پائالىيەتلىرىگە پۈرسەت ۋە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، شەھەرنى ھەر تەرەپتىن تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەن[162]. مەلۇم بولغىنىدەك، سۇلتان ئەراتنا قارانبۇكتىكى غەلبىسىدىن كېيىن ھۆكۈمەت مەركىزىنى قەيسەرىگە يۆتكىگەن بولسىمۇ، نەۋرىسى ئالائىددىن ئەلى زامانىغا كەلگەندە سىۋاس يەنە ھۆكۈمەت مەركىزى قىلىنىپ، دۆلەتنى بۇ يەردە ئىدارە قىلىشقا باشلىغان.

سەلچۇق سۇلتانلىقى دەۋرىدە سۇلتان ئالائىددىن كەيقۇبات قەسرىدە ئۇرۇش تەييارلىقى قىلغانلىقى ئۈچۈن، كونيادىن قالسا ئىككىنچى مەركەز ھېساپلىنىدىغان قەيسەرى «دارىلمۇلۇك» دەپ ئاتالغان. سۇلتان ئەراتنا سىۋاستىن كېيىن، قەيسەرىنى پايتەخت قىلىپ تاللاش سەۋەبىدىن قەيسەرى مەدەنىيەت ۋە سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈركىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. قەيسەرى شەھىرى ئالائىددىن ئەلىنىڭ ئاخىرقى زامانلىرى بىلەن مۇھەممەد II نىڭ دەۋرىدىن باشقا دەۋرلەردە، ئەراتنا دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن بەك كۆپ مۇھىم ھادىسىلەرگە شاھىت بولغان. قەيسەرى شەھىرى سەلچۇق سۇلتانلىقى ۋە ئاز بولسىمۇ ئەراتنالىقلار دەۋرىدىكى ئەسەرلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. شۇڭا ئەراتنا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۆزى قەيسەرىگە سالدۇرغان كۆشك مەدرىسى ئىچىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان[163].

سەلچۇقلار دەۋرىدىكى پالۋانلار ياكى قەھرىمانلار يۇرتى مەنىسىدە «دارلپەھلىۋانىيە» دەپ ئاتالغان نىغدە، ئەراتنا دەۋرىدىمۇ مۇھىم شەھەر مەركەزلىرىنىڭ بىرى ھېساپلانغان.

ئىلخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئاباقاخان يەتتە ئەمىرلەشكەرنىڭ بىرى سۇنغۇر ئاغانى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان نىغدە شەھىرىنى يېڭىدىن تەرتىپكە سالغۇزۇش ئۈچۈن ئانادولۇغا ئەۋەتكەنىدە، ئۇ نىغدەدە مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي نىغدە ئەراتنانىڭ قولىغا چۈشكەن[164].

ئەراتنانىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن شەھەرلەرنىڭ يەنە بىرى بولسا، سەلجۇقلار زامانىدا ياردەمگە لايىق شەھەر مەنىسىدە «دارىلناسىر» دەپ ئاتالغان ئەرزىنجان شەھىرىدۇر. قارانبۆك ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى شەيخ ھەسەن چوبانى ئەراتنانى ئۆزىگە تەۋە بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئەراتنا رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەرزىنجاننى ئىشغال قىلىۋالغان. قارانبۆك ئۇرۇشىدىن كېيىن شەيخ ھەسەن چوباننىڭ ئورنىغا چىققان مەلىك ئەشرەفنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى ۋە دۆلەتنى باشقۇرالماسلىقىدىن پايدىلانغان سۇلتان ئەراتنا ئۆزىگە تەۋە زېمىننى ئەرزىنجانغىچە كېڭەيتىۋالدى. ئىلخانىيلارنىڭ باش ۋالىيلىقىنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسىغا قايتقاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئەراتنا دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە قوشۇلغان ئەرزىنجان ئۆز نۆۋىتى بىلەن ئاھى ئاينابەگنىڭ 1348-يىلى سۇلتان ئەراتنا مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ۋە تارىخي ماتېرىياللاردىن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئەراتنا دەۋرىدە ئەرزىنجان ئەمىرلىكىنىڭ پىر ھۆسەين بەگ ۋە ئاھى ئاينا بەگنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن مۇتاھھارتەن بەگنىڭ ئىدارىسىگە ئۆتكەن[165].

سەلجۇقلار دەۋرىدە ئىززەت شەھىرى مەنىسىدە «دارىلئەزىز» دەپ ئاتالغان ئاماسيا 1341-يىلىنىڭ باشلىرىدا

ئەراتنانىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. ئاماسىيا بىر مەزگىل ئەراتنانىڭ قولىدا تۇرىدۇ. ئەراتنانىڭ نەۋرىسى سۇلتان ئالائىددىن ئەلىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ھاجى شادگەلدى تارتىۋالىدۇ[166].

سەلچۇقلار دەۋرىدە يارىدىم شەھىرى مەنىسىدە «دارىننۇسرەت» دەپ ئاتالغان توكات شەھىرى 1335 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئەراتنانىڭ ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولىدۇ. ئەراتنا توكاتنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئىلگىرى ئۆزىگە تەۋە بولغان سەبۇكتاي ئەۋلادىدىن مۇھەززىبەددىن ئۇلۇغبەگكە ۋە ئاخىردا ئاماسىيا ئەمىرى بولغان زەينىددىن تۇلىبەگكە بېرىدۇ[167].

سەلچۇقلار دەۋرىدە مۇستەھكەم شەھەر مەنىسىدە «دەرىلھىسىن» دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر ئەنقەرەنى سۇلتان ئەراتنا ۋە ئوغلى غىياسىددىن مۇھەممەد تەيىنلىگەن ۋالىيلار ئىدارە قىلغان[168]. مەلۇم بولغىنىدەك، ئەنقەرە ئەراتنالىقلار، قارامانلار ۋە ئوسمانلىلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۇرۇپ ئەھمىيەتلىك رول ئوينىغان بىر شەھەردۇر.

سۇلتان ئەراتنانىڭ ھاكىمىيىتىگە تەۋە يۇقىرىقى شەھەرلەردىن باشقا يەنە مۇنداق شەھەر ۋە بازارلار بار. سەلچۇقلار دەۋرىدە «دارۇززەفەر، دارۇلجىھا، دارىررىبات» دەپ ئاتالغان ئاقساراي[169]، ئۇلۇغلۇق شەھىرى مەنىسىدە «دارىلجەلال» دەپ ئاتالغان بايبۇرت[170]، گۈمۈش، چورۇم، دەۋەلى، قاراھىسار، جانىق، زىلە، ئۈرگۈپ، شەرقىي قاراھىسار، ھارپۇت، مەرزىفۇن، نىقسار، سىنوپ، ئەرزۇرۇم، دىۋرىغى، قىرشەھىر، دارەندە ۋە قونياغا ئوخشاش ئاھالىلەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان مەركەزلەر بىلەن بۇ يەرلەرگە تەۋە

بولغـان جـايلارمۇ ئەراتنانىـڭ هـاكىمىيىتىگە تەۋە بولغـان. يۇقىرىقىلارغا قوشۇلۇپ يەنە نەۋشەھىر، يوزگـات، تـۇنجەلى، جەنـۇبىي گىرەسـۇن ۋە شـىمالىي مالاتيـامۇ ئەراتنانىـڭ هـاكىمىيىتىگە تەۋە بولـۇپ، زېمىنىنىـڭ ئومـۇمىي مەيـدانى 214مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن[171].

مەلـۇم بولغىنىـدەك، دارەنـدە كېيىـنچە مەملۇكلار قولىغا، ئەرزۇرۇم بىـلەن بـايبۇرت تەرەپـلەر بولسـا ۋاقىتلىـق شـەيخ هەسـەن چوبانىينىـڭ قولىغـا چۈشـكەن بولسـىمۇ، كېـيىن قۇتۇلـۇپ ئەراتنـا ۋە ئـوغلى مۇهەممەدنىـڭ قولىغـا چۈشكەنلىكىنى ئۇلار قۇيدۇرغان تەڭگىلەردىن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ[172].

يۇقىرىقىلاردىن شـۇنى كـۆرۈۋالغىلى بولـدۇكى، سـەلچۇق سۇلتانلىقى زېمىنىنىڭ مۇتلەق كـۆپ قىسـمى، يەنـى شـەرقتە چىلدىر ـ ئاهىشقادىن، غەربتە ئەنقەرە ۋە ئۇنىڭ ئەتـراپىغىچە، شىمالدا سامسۇندىن جەنۇبتا قونيا يايلاقلىرىـدىكى تروسـ ـلارغىچە بولغان زېمىـن سـۇلتان ئەراتنـا قۇرغـان ئەراتنـانىيلار هاكىمىيىتىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن[173].

### 3) مەلىك ئەشرەف چوبانى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتى

شەيخ سەن چوبانىينىڭ ئورنىغـا چىققـان ئىنىسـى مەلىـك ئەشرەف زالىم، نورمالسىز، قورقۇنچلۇق، سـۆزىگە ئىشـەنگىلى بولمايدىغان بىر ئەمىر بولۇشـىغا قارىمـاي، ئـۇ ئەزەربەيجان، ئىران، ئىراقنـى ئـۆز ئىچىـگە ئالغـان كەڭـرى بىـر مەملىكەتـتە تۇغقانلىرىنى، ئەمىرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنـى بـۇلاپ ـ تـالاپ، 1343 ـ يىلىدىن 1358 ـ يىلىغىچە 14يىل هۆكۈم سۈرگەن[174].

سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ نوپۇزىنى ۋە ھەيۋىسىنى ئاشۇرغان ئامىللارنىڭ بىرى بولسا شەيخ ھەسەن چوبانى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن چوبانىيلار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن رىقابەت ۋە بۆلۈنۈشتىن ئىبارەت ئىدى. سۇلتان ئەراتنا رىقابەت ۋە زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن شەيخ ھەسەن چوبانىينىڭ شەرقىي قاراھىسار قەلئەسىگە سولاپ قويغان تاغىلىرىدىن سۇرغان ۋە ياغىباستى بەگلەرنى بايرامشاھقا قويۇۋېتىدۇ. زىنداندىن قۇتۇلغان سۇرغان چوبانى 1344 ـ 1345 ـ يىللىرى سۇلايمان خان ۋە ساتىبەگلەر بىلەن دىياربەكىردىكى سۇتاي ئەمىرى بارانبايىنىڭ ئوغلى ئىبراھىم شاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، رەقىبى مەلىك ئەشرەفكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ياردەم سورايدۇ. ئىبراھىم شاھ بۇ ئىلتىماسقا ماسلىشىپ، پۈتۈن لەشكەرلىرىنى توپلاپ سۇرغان بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلانغان بولسىمۇ، 1345 ـ 1346 ـ يىللىرى ئالاتاغدىكى ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇب بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلاردىن سۇلايمان خاندىن باشقا ھەممىيلەن سۇلتان ئەراتنادىن پاناھلىق تىلەپ كېلىدۇ. ئالاتاغدىكى ئۇرۇشتا مەلىك ئەشرەفكە مەغلۇپ بولغان چوبانى تەبرىزدە مۇستەقىللىق جاكارلايدۇ. ئىبراھىم سۇتايلى بولسا پالەچلىك كېسىلى بىلەن 1350 ـ يىلى ۋاپات بولىدۇ. ئىبراھىم شاھنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ھاجى تۇغاي سۇتايلىنىڭ ئوغلى پىرمۇھەممەدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن سۇتاي بەگلىكىنىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئانادولۇدىكى ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىلىدۇ. بۇ يەرلەردە تۈركمەنلەر، يەنى قاراقويۇن بەگلىكى بىلەن ئاققويۇن

ھاكىمىيتى باشلىنىدۇ. بۇ تەرەققىياتلار نەتىجىسىدە سۇتايلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان بارانباي ئۇرۇقىدىكىلەر ئۇتتۇرا ئانادولۇغا كۆچۈپ كېلىپ ئەراتنانىڭ خىزمىتىگە كىرىدۇ[175].

سۇلتان ئەراتنانىڭ يېنىغا ئىلتىجا قىلىپ كەلگەن سۇرغان ئىبراھىم شاھقا ئىلتىجا قىلغىنىدەك، ئەراتناغىمۇ مەلىك ئەشرەفكە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. سۇلتان ئەراتنا پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولغان بۇ ئىلتىماسقا نىسبەتەن، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ نۇرغۇن جايلاردا مەغلۇپ بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، كاللىسىنى ئىشلىتىپ بىھۇدە دەردكە قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى چەتكە تارتىدۇ. ئەراتنادىن كۈتكەن ئۈمىدى يوققا چىققان سۇرغان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئانادولۇدىن باغدادتىكى شەيخ ھەسەن جەلايىرنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. باغدادقا كەلگەن سۇرغال ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شەيخ ھەسەن جەلايىردىن تەلەي سىناپ باققان بولسىمۇ، ئاخىر پالاكەتكە ئۇچرايدۇ[176].

سۇلتان ئەراتنانىڭ شەيخ ھەسەن جەلايىرغا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، سۇرغاننىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىپ، چوبانىيلار بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن قاچقان بولسىمۇ، ئەراتنالار ھېچقاچان چوبانىيلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە ئۆتۈپ باقمىغان. مەلۇم بولغىنىدەك، مەلىك ئەشرەف نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پۇرسەت تاپسىلا سۇلتان ئەراتناغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ئانادولۇنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇشنىڭ كويىدا يۈرگەن. مەلىك ئەشرەفنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ كېلىۋاتقان سۇلتان

ئەراتنا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئېھتىمالى بار دەپ، تەدبىر ۋە ھەرىكەت قوللانغان ۋە كونا دوستلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزمىگەن. ئەراتنانىڭ كاللا ئىشلىتىپ تېپىپ چىققان تەدبىرلىرى بولسا شەيخ ھەسەن جەلايىر بىلەن دوستلۇقنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، 1350 ـ 1351 ـ يىللىرى مىسىرغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئىلگىرىكىدەك ئانادولۇنىڭ نائىپلىقىنى، يەنى ئانادولۇدا مەملۇق سۇلتانىنىڭ ۋەكىلى بولغانلىقى ھەققىدە ئۆزىگە پەرمان ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. مەملۇق سۇلتانى قاھىرەگە كەلگەن ئەلچىلەرنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئەراتناغا لازىم بولغان تەۋەلىك پەرمانىنى ئانادولۇغا ئەۋەتىپ، ئەراتنانى ھىمايىسىگە ئالىدۇ. ئەمما مەلىك ئەشرەف چوبانى ئەراتنانىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مەملۇق سۇلتانىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەراتنا ئۈستىدىن شىكايەتنامە يېزىپ، ئەلچى بىلەن سۇلتان سالىھقا ئەۋەتىدۇ. يەنى ئەراتنانى سۇلتاننىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈۋېتىشكە كۆچەيدۇ. مەلىك ئەشرەف ئەراتنانى چوبانىيلار تەۋەلىكىدە پىتنە ـ پاسات تېرىپ ئىتتىپاقلىقنى بۇزغانلىقى ۋە ئەزەربەيجانلىق سودىگەرلەرنىڭ مىسىرغا بېرىپ كېلىشىنى مەنئىي قىلغانلىقى سەۋەبىدىن مەملۇق سۇلتانىغا شىكايەت قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن[177].

مەلىك ئەشرەف چوبانى مەملۇق سۇلتانىغا ئەرز قىلىشتەك مۇھىم سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۆزى بىلەن ئەراتنا ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئۇرۇش ـ جېدەل چىقىپ قالسا، مەلىك سالىھنىڭ

بتەرەپ تۇرۇشنى، ئارىغا كىرمەسلىكنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئەراتنا بىلەن مەلىك ئەشرەفنىڭ ئۆزىگە تۇتقان سىياستىنى ناھايىتى ياخشى كۆزىتىپ چۈشىنىۋالغان مەلىك سالىھ مەلىك ئەشرەفنىڭ ئەراتناغا لەشكەر تارتىپ بېرىشىغا قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ[178].

مەلىك سالىھ مەلىك ئەشرەفنىڭ سۇلتان ئەراتناغا قارشى تۇرۇش تەلىپىنى توغرا تېپىشى ھەر ھالدا ئەراتنانىڭ ئۆزىگە بولغان تەۋەلىك قارىشىدا سەممىي بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى، مەلۇم بولغىنىدەك، ئەراتنا قاچان بىر دۈشمەننىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىسا، مىسىر سۇلتانىغا يېقىنلاشقان. خەتەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن مۇستەقىل ھۆكۈمداردەك ھەرىكەت قىلىشقا كۆنىۋالغانىدى.

مەلىك ئەشرەف چوبانى سۇلتان سالىھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن كاپالىتى بىلەن سۇلتان ئەراتنانى مۇھىم بىر قوغدىغۇچىدىن مەھرۇم قىلىشتا ئۇستىلىقىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئانادولۇغا لەشكەر تارتىپ بارغان ياكى بارمىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. بەزى مۇئەللىپلەر مەلىك ئەشرەفنىڭ ئانادولۇغا لەشكەر ئەۋەتكەنلىكىنى، ئانادولۇنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ رايونى بولغانلىقىنى، بىر ئۇرۇشتا ئەراتنانىڭ لەشكەر ۋە ئەمىرلىرىدىن بەك جىق كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، بەزىلەر بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلمايدۇ ۋە مەلىك ئەشرەفنىڭ ئەراتناغا ھېچقاچان لەشكەر ئەۋەتمىگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن[179].

مەلىك ئەشرەف ئانادولۇغا لەشكەر ئەۋەتكەن ياكى ئەۋەتمىگەن بولسۇن، سۇلتان ئەراتنا ئۇنىڭ قورغان دۆلىتى

ئۇچۇن چوبانىيلارنىڭ تەھدىتى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى جانىبەك خان 1357 ـ يىلى ئەزەربەيجانغا بېسىپ كىرىپ، مەلىك ئەشرەفنى ئۇجان يايلىقىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە قەدەر داۋاملاشقان[180] .

## 4) ئاناتولۇدىكى باشقا تۈرك بەگلىكلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئەراتنانىڭ ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلاشتىن ئىلگىرى دۇلقادىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمدى قارانىبۇكتىكى غەلىبىسىدىن كېيىن، ئاشكارا مۇستەقىللىق جاكارلىغان سۇلتان ئەراتنانىڭ قوشنىسى بولغان تۈرك بەگلىكلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىمىز.

قارانىبۇكتىكى غەلىبىدىن كېيىن، سۇلتان ئەراتنا بىلەن دۇلقادىرلاردىن زەينىددىن قاراجا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ داۋاملاشقانلىقىنى ماقرىزىنىڭ «قاراجابەگ فەيياز بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ 1344 ـ 1345 ـ يىللىرىدا ئەراتنانىڭ قولىدىكى دارەندەنى قايتا قولغا چۈشۈردى» [181] دېگەن جۈملىسىدىن چۈشىنىۋالىمىز. مەلۇم بولغىنىدەك، دارەندە يۇقىرىقى ئىككى بەگلىك ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بولۇپ كەلگەنىدى.

ئەراتنالار بىلەن قارامانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە ئىشەنچلىك خاتىرىلەنگەن مەنبەلەر ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، شىكارى ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر تارىخىي تەرتىپ بىلەن مۇرەككەپ شەكىلدە بۇ مۇناسىۋەتنى خاتىرىلەپ قويغان[182] . باشقا مەنبەلەردە ئۇچرىتالمىغان بۇ ماتېرىياللارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سىلىشتۇرۇش شەرتى بىلەن تارىختىن

زوق ئېلىش ئۈچۈن ئارىلاپ پايدىلانغانىدۇق. شىكارى قارامان بەگ بىلەن ئەراتىنانىڭ دوستلارچە، دۈشمەنلەرچە مۇناسىۋىتى ھەققىدە بەزى رىۋايەتلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىپ، «قارامانىنىڭ سىۋاسقا بېرىپ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەراتىناغا خەۋەر ئەۋەتىپ يېنىغا كېلىشكە بۇيرۇغانلىقىنى، ئەراتىنانىڭ ئۇنداق ئادەمنىڭ ئالدىغا بارمايمەن، ئەگەر ماڭا لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن چوڭچىلىق قىلسا، ھەممىسىنى يالغۇز بېرىپ قىرىپ تاشلايمەن» دەپ، بۇ دەۋەتنى ئىجرا قىلمىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن قارامانىنىڭ قياپىتىنى ئۆزگەرتىپ قەيسەرىدىكى ئەراتىنانىڭ سارىيى ئالدىغا كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلاشقانلىقىنى، ئەراتىنانى يېڭىۋالغان قارامانىنىڭ سىۋاسقا قايتقانلىقىنى، كېيىن سىۋاستىن كەلگەن خەۋەردىن تونىماسلىقتىن ھامىسىنىڭ ئوغلى بىلەن مۇشتلاشقانلىقىنى ئاڭلىغان ئەراتىنانىڭ دەرھال سىۋاسقا بېرىپ قارامان بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى» خاتىرىلىگەن[183]. دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتىنى دوستانە مۇناسىۋەتكە قايتۇرۇپ «ئىتتىپاقلاشقان ئەراتنا بىلەن قارامانىنىڭ ياۋاھىسار، دەۋەلى قاراھىسار، يېشىل ھىسارنى ئىگىلىگەنلىكىنى، كېيىن ئەنقەرەگە لەشكەر تارتىپ ئۇ يەرنى قولىغا ئالغانلىقىنى، كاپىرلارنى شەھەردىن قوغلاپ، مۇسۇلمانلارنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، چىركاۋلارنى مەسچىتكە ئۆزگەرتكەنلىكىنى خاتىرىلىگەن شىكارى، ئىشلىرىنى تاماملىغان قارامان بەگنىڭ باشچىلىقىدا ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنى، ئاخىردا قەيسەرىنىڭ ئەراتىناغا، نىغدەنىڭ بابۇك بەگكە بېرىلگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن[184].

سۇلتان ئەراتنانىڭ زاماندىشى بولغان قارامانلار سۇلتانى ۋە ئەمىرلىرى ئەبۇ سەئىدنىڭ ئۆلۈمى ئەسناسىدا قاراماندا بەدرىددىن ئىبراھىم «ئۇلۇغ بەگ» بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئىنىسى مۇسا ئەرمەنەكتە تۇراتتى. بەدرىددىن ئىبراھىمدىن كېيىن ياخشى بەگ تەختكە چىقىدۇ. ئۇنىڭ مازار تېشىدا 1350 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تەختكە چىققانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئەھمەدتىن كېيىن قارامانلارنىڭ تەختىنى خەلىلبەگنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئىگىلىۋالىدۇ. سۇلايماننى قارامان ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئورنىغا چىققان «ئەبۇلفەتىھ» دېگەن ئۇنۋانى بىلەن خاتىرىلەنگەن مەشھۇر ئالائىددىن بەگ تەختكە چىقىدۇ[185]. 1343 ـ يىلى ئەراتنا شەيخ ھەسەن چوبانىغا قارشى ئىلىپ بارغان قارانبۆك ئۇرۇشى مەزگىلىدە، قارامانلارنىڭ ئۇلۇغ بېگى فەخرەددىن ئەھمەد قونيادا ئۆلتۈراتتى[186].

سۇلتان ئەراتنا بىلەن ئەھمەد بەي ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش موڭغۇللارنىڭ مۇئامىلىسىدىن كېلىپ چىققان. موڭغۇللار قەيسەرىدە ئەراتناغا قارامانئوغلۇ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قارامانئوغلۇغا مەكتۇپ يېزىپ، ئىلگىرى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەنلەرنى تېخى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ چاغدىكى ئەمىر سۇلايمان ئەراتناغا مەكتۇپ يېزىپ، قاتتىق گەپلەر بىلەن ئەراتنانى ئۇرۇشۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەراتنا موڭغۇل لەشكەرلىرى قوشۇلغان يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاقسارايغا كېلىدۇ. قارامانلاردىن ئەھمەد ۋە سۇلايمانلارمۇ ئالائىددىن بەگنى لارەندىگە تاشلاپ قويۇپ، ئاقسارايغا كېلىدۇ. ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل كەلگەن ئىككى قوشۇن قوچاقلاشما جەڭ

قىلىش نەتىجىسىدە، ئەراتنا يېڭىلىپ قەيسەرىگە قېچىپ كېلىدۇ. قارامانلار ئەراتنانى قوغلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە ئېغىر دەرىجىدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. ئەراتناغا قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ قايتقان ئەھمەد قارامانلار تەختىگە ئولتۇرۇپ، سۇلايماننى ئۆزىگە ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ، ئالائىددىننى قونياغا ئەۋەتىدۇ[187].

سۇلتان ئەراتنا قارامانلارغا قارشى ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكى ۋە بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ تۇرۇپ، موڭغۇل بەگلىرىدىن بابۇك خان ۋە دەۋلەتشاھ بىلەن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزەتكەندىن كېيىن، بابۇكنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلۇپ، قارامانلار بىلەن قايتا ئۇرۇشۇشنى قارار قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا دەسلەپتە ئەھمەد ئەراتنانىڭ موڭغۇل لەشكەرلىرىنى تالاپەتكە ئۇچراتقان بولسىمۇ، ئاخىردا ۋەزىر سۇلايماننى بابۇك خان ئەسىر ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتى تەتۈرىسىگە ئۆزگىرىپ، ئەھمەد قېيىن ئەھۋالدا قالىدۇ. ئەھمەد ئۇدۇل كەلگەن موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، ئېتى يىقىلىشىپ يىقىلغاندا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەراتنا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىدۇ[188]. ئەسىرگە چۈشكەن سۇلايمان سۇلتان ئەراتنانىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلگەندە، قىلغانلىرىنىڭ توغرا ھەرىكەت بولمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ سۆزلەردىن سۆيۈنگەن ئەراتنا ئۇنىڭغا تون ۋە تاج كىيدۈرۈپ قەيسەرىگە ئەۋەتىۋېتىدۇ[189].

سۇلتان ئەراتنا ئەسلىي نىيىتىنىڭ ئەھمەدنى ئۆلتۈرۈش ئەمەسلىكىنى، موڭغۇللارنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقىنى، قازاغا رىزا بولۇشىنى ئېيتىپ، ئۆزئارا بىر كاپالەتنامە تۈزىدۇ.

سۇلايماننى ئەھمەدنىڭ كېسىلگەن بېشى بىلەن بىرلىكتە لارەندەگە ئەۋەتىدۇ[190]. ئەھمەد 1350 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەراتنانىڭ قونيانى زېمىنىگە قوشۇۋالغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. گەرچە ئەراتنانىڭ قونيادا قۇيدۇرغان بىرەر تال تەڭگىسى تېپىلمىغان بولسىمۇ، قونيانىڭ ئەراتنانىڭ ئىدارىسىگە كىرگەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ[191]. شۇنىڭ بىلەن قونيا ۋە ئەنقەرەدىن ئەرزۇرۇمغىچە ئۇزارغان كەڭرى بىر رايونغا ئۆلگۈچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ ئارىدا جۇڭگودىن تارقالغان دەپ رىۋايەت قىلىنغان قارا ۋابا 1347 - 1348 - يىللىرى ئانادولۇدىمۇ يامراپ، نۇرغۇن ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ[192].

سۇلتان ئەراتنانىڭ ئوسمانلى سۇلتانلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمىز. ئەراتنانىڭ كونا خوجىسى شەيخ ھەسەن جەلايىر ئوسمانىلار يېقىنچىلىق قىلمىغاندەك، ئوسمانلىلارنىڭمۇ ئەراتناغا بويۇن ئەگمىگەنلىكى مەلۇم. لېكىن ئەراتنانىڭ ئورخان غازى (1326 - 1360) بىلەن سىياسىي ۋە لەشكىريي مۇناسىۋەتلىرى بولۇشى كېرەك. فەرىدۇننىڭ خاتىرىسىدە ئىككى سۇلتان ئارىسىدا ھەرقانداق ئىشقا ئائىت خاتىرە يوق[193].

سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ ئوسمانىيلار بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلەلمەيمىز. ئەراتنا پېشقەدەم ئۇستازى جەلايىرلىق شەيخ ھەسەنگە بولغاندەك ئوسمانىيلارغا يېقىنلىق ئىپادىلىمىگەنلىكى شۇنداقلا ئوسمانىيلارنىڭمۇ ئەراتناغا بوي سۇنمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. پەقەت ئەراتنانىڭ ئورخان غازى (1326—1360) بىلەن سىياسىي ۋە

ئەسكەرىي مۇناسىۋەتلىرى بولغان. پەرىدۇن بەگ مۇنشائىدا ھەر ئىككى سۇلتانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەرقانداق بىر مۇناسىۋەت بولغانلىقىغا دائىر مەلۇمات يوق[194].

سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىلگىرى ئىلخانىيلارنىڭ ئاناتولىيدىكى باش ۋالىيلىرىغا باج ئەۋەتكەنلىكى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئەراتنا بىلەن ئورخان غازىنىڭ مۇناسىۋەتلەشكەنلىكىنى يازغان ئۆزتۇنا «ئورخان غازى دادىسى (ئوسمان غازى) ئىلخانىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاناتولىيدىكى باش ۋالىيلىرىدىن شەيخ ھەسەن ئەراتنا بىلەن ياخشى ئۆتكەن، سىمۋول خاراكتېردىكى باجنى ئەۋەتىشتە كەم قالدۇرمىغان. خۇتبىنى شۈبھىسىزكى ئاباسىيلار خەلىپىسى بىلەن ئىلخانىيلار خانىنىڭ نامىغا ئوقۇتقان»[195] دەپ بۇ ساۋاتنى بەرگەن.

سۇلتان ئەراتنانىڭ 1347 - يىللىرىدا ماردىندىكى ئارتۇقلارى ھۆكۈمدارى مەلىك سالىھ بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى، ئوغلى شەيخ ھەسەنگە مەلىك سالىھنىڭ قىزىنى نىكاھلاپ قويماقچى بولغانلىقىدىن چۈشىنىۋالالايمىز. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا بايان قىلغانىدۇق.

سۇلتان ئەراتنانىڭ ئايدىن تۈغۈلغان ئوغۇللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەنلىكىنى، ئەنۋەرىنىڭ دەستۇرنامىسىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. سۇلتان ئەراتنا 1348 - يىلى غازى ئۆمۈربەگ ئىزمىرنى قورشىۋالغاندا تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم قىلىدۇ. ئەراتنانىڭ ئۆمۈربەگكە ئىككى مەنچاناق ياساش ئۇستىسى ئەۋەتكەنلىكىنى ئەنۋەرى «ئەراتنا ئەۋەتىپتۇ ئىككى ئەر، مەنچاناقچى ئىككى ئەھلى ھۈنەر» دېگەن مىسرالىرىغا كىرگۈزگەن[196]. بۇ مۇھىم خاتىرىگە ئاساسەن م. خەلىل يىنانچ

مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ: «سۇلتان ئەراتنانىڭ ئۆمۈر بەگكە مەنچاناقچى ئەۋەتىپ ياردەم قىلىشى، يا ئۇنىڭ بەك مەشھۇر دىندارلىقى سەۋەبىدىن ئۆمۈر بەگدەك دىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىر مۇجاھىدقا ياردەم قىلغان ياكى ئۇ چاغدا ئەراتنانىڭ ھۆكۈمىتى ئەرزىنجاندىن ئەنقەرەگىچە كېڭەيگەن ۋە ئۆزىنى ئانادولۇنىڭ سۇلتانى قىلغان بۇ ھۆكۈمدار غەربىي ئانادولۇدىكى كىچىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۈستىدە مەنىۋى تەۋەلىك ۋە ھىمايە يۈزىسىدىن ياردەم قىلغان ئايدىن ئوغۇللىرى بىلەن سۇلتان ئەراتنانىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر دەستۇرنامىدىكى بۇ خاتىرىدىن باشقا ھېچقانداق ۋەسىقە قولىمىزغا چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ياردەمنىڭ دوستلۇق ياكى ھىمايە شەكلىنىڭ قايسىسى ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس»[197].

سۇلتان ئەراتنانىڭ تاجىددىن ئوغۇللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بولسا، نىكسارنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان تاجىددىن ئوغۇللىرىنىڭ مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىشى ئەراتنا ھاكىمىيىتىدىن خېلىلا ئىلگىرى بولۇپ، دەسلىپىدە تاجىددىننىڭ دادىسى ئەراتناغا قارشى تۇرغان. تاجىددىن دوغانشاھ ۋە دوغانجىق ئانادولۇدىكى ئىلخانىيلار ھاكىمىيىتى يىقىلغاندا، خېلىلا نوپۇزى بار بىر ئەمىر ئىدى، ئۇنىڭ شەيخ ھەسەن چوبانى تەرەپتە تۇرۇشى، بۇرۇندىن تارتىپ ئەراتناغا قارشى سەپتە تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تاجىددىن ئوغۇللىرى بىلەن ئەراتنالارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك مانا مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن. ئەراتنا دوغانجىقنىڭ ئاماسىيانى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا زوۋان سورمىگەن. چۈنكى

ئەراتنا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى بەگلەرنىڭ ئىسيان قىلىشىدىن ۋە شەيخ ھەسەن چوبانى تەرەپتە تۇرۇۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئەقلى بىلەن يول تۇتقان. ئەراتنا مەملۇق سۇلتانى مەلىك ناسىرنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاماسيانى ئىشغال قىلىۋالغان دوغانجىققا جازا يۈرۈشى قىلىشقا تۇلىبەگنى ئەۋەتىدۇ. تۇلىبەگ 1341 ـ يىلى ئاماسيادىكى مۇھىم ئەربابلارنىڭ ياردىمى بىلەن دوغانجىقنى نىكسارغا قوغلىغاندىن كېيىن، ئاماسيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىن ئەراتنانىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ[198].

سۇلتان ئەراتنا ئاماسيادىكى بەگلەر بىلەن ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. زەيىنىددىن تۇلىدەك نوپۇزلۇق ئەمىرنى ئۆزىگە تېخىمۇ چىڭ باغلاش ئۈچۈن، تۇلىنىڭ قىزىنى ئوغلى مۇھەممەدكە نىكاھلاپ، قۇدىلىشىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەراتنا تۇلىنى ئۆزىگە باغلاش بىلەن بىرگە ئوغلى مۇھەممەدكە تەخت ۋارىسى بولۇشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئەمىر زەيىنىددىن تۇلىدىن كېيىن 1347 ـ 1348 ـ يىللىرىدا قەيسەرىدىكى ھاجى قۇتلۇقشاھ ئاماسياغا كېلىپ ئەمىر بولىدۇ ۋە سۇلتان ئەراتنانىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ. ئەراتنىلار دەۋرىدە ئاماسيانىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. چۈنكى، ئاماسياغا ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلگەن ئەمىر ۋە ۋەزىرلەر ئەراتنانىڭ خىزمىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان كىشىلەر ئىدى. شۇڭا جەسۇر، ئەقىللىق ۋە دىيانەتلىك دۆلەت ئەربابى بولغان خوجا ئەلىشاھ سۇلتان ئەراتنانىڭ ۋەزىرى ۋە ئاماسيانىڭ ئىلگىرىكى قازىسى ئىمادەددىن ئۆمەرمۇ ئەمىر لەشكەر بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن. سۇلتان ئەراتنا ئەرزىنجان ئەمىرى زاھىرددىن

تاھارتەن بەگنىڭ قىزىنى ئىنىسى بۇراقڧا نىكاھلاپ قويىدۇ ۋە تەجرىبىلىك، تەدبىرلىك ۋە جەسۇر بىر ئەمىر بولغان بۇراقنى ئەرزىنجاننىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەيدۇ[199].

ئەنقەرە ئەمىرى دەۋلەتشاھنىڭ ئوغلى مەلىك نەسىرىددىن بەختىيارنىڭ سۇلتان ئەراتنانىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ھەققىدە تۇر[200]. دىۋرىك ئەمىرى چوغرىئوغلى مۇھەممەد بەگ بەزىدە سۇلتان ئەراتناغا، بەزىدە قاراجا دۇلقادىرغا بويۇن ئەگمەي مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ[201].

مەملۇق سۇلتانلىقىنىڭ ھەلەپتىكى ۋالىيسى، مەشھۇر زات سەيفىددىن بەيبۇغارۇس سۇلتان ئەراتنا بىلەن زامانداش بولۇپ، 1351 ـ يىلى مەلىك نەسىرىددىن ھەسەننىڭ ئورنىغا سالاھىددىن سالىھنىڭ سۇلتان بولۇشى ئۈچۈن تۈركمەن بەگلىرى، بولۇپمۇ قاراجا بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. قاراجا ئەراتنانىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، ئاسىي ۋالىيغا ياردەم قىلىدۇ[202].

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۇلتان ئەراتنا قوشنىلىرى بولغان تۈركمەن بەگلىرى ۋە ئەمىرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەندە، كاللا ئىشلىتىپ، كەسكىن سىيا ـ سەت قوللىنىپ، مەۋجۇتلۇقىنى خەتەرگە ئۇچراتماي، ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. سۇلتان ئەراتنا ئوتتۇرا ئانادولۇدا ئىلخانىيلارنىڭ يىقىلىشى بىلەن سىياسىي ئاساسىنى تىكلىۋېلىپ، شەيخ جەلايىرغا، شەيخ ھەسەن چوبانى ۋە مەلىك ئەشرەف ھەتتا تۈركمەن بەگلىرىگە قارشى دىگۈدەك مەملۇق سۇلتانلىقىنىڭ قوللىشىدىن ئۈستىلىق بىلەن

پايـدىلىنىپ، ئانـادولۇدىكى بەگلىكـلەر ۋە قوشـنا دۆلەتـلەر ئارىسىدا شۆھرىتىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىنى ئېتىراپ قىلغۇزغان.

## 5) مەدەنىيەت ۋە سالدۇرغان ئىمارەتلىرى

بىر مىللەتنىڭ مىللىي ۋە مەنىۋى مەۋجۇتلۇقىنى داۋامـ-ـلاشتۇرۇشتا مەدەنىيەت ۋە ئىمارەت پائالىيىتىنىڭمۇ رولى چوڭ بولىدۇ. ئەراتنا دۆلتى تۈركلەرنىڭ ئانا مەدەنىيەت ئاساسىغا تايىنىپ، تۈركىي خەلقلەرنى سارايىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىگە ۋە ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرگە مەسئۇل قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئانادولۇغا كەلـگەن ئۇيغۇرلارمۇ ئەراتنـا دۆلتىـدە تـۈركمەنلەر بىلەن بىرلىكتە ئارىلىشىپ ياشايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي تەسىرلىرى تېزلا كەڭ ساھەلەرگە تارقىلىدۇ ۋە ئىسلام مەدەـنىيتى بىلەن بىرىكىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىلخانىيلار بىر تەرەپتىن ئىرانلىقلارنى دۆلەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ خىزـمىتىگە سالسـا، يەنە بىـر تەرەپـتىن ئۇيغـۇر باخشـى ۋە بىتىكچىلەرنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ[203].

سۇلتان ئەراتنامۇ ئىلخانىيلار سارىيىدا يېتىشكەن ئەمىر ۋە نويان بولۇش سۈپىتى بىلەن قەۋمداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىلخانىيلارنىڭ قوشۇنى بىلەن ئانادولۇغا كەلگەن. ئەقىللىق، مەدەنىيەتلىـك ۋە سـەۋرىلىك بولغاچقـا، سىياسـىي قۇرۇلمـا قۇرالىغـان ۋە ئانـادولۇدا ھېچقاچـان غېرىبسىنىپ قالمىغـان. چۈنكى 1071ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ، ئانادولۇ خەلقى تۈركلىشىپ تـۈرك مىللىي مەدەنىيىتـى شـەكىللىنىپ بولغانىدى. شۇڭا ئانادولۇنىڭ باشقا يەرلىرىدىكىدەك ئەراتنـا دۆلتىدىكى يەرلەردىمۇ تۈرك تىلى دۆلەت تىلى قىلىنغانىدى. لـېكىن قولىمىزغـا چۈشـكەن ماتېرىيـاللاردىن شـۇنى

چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، يېزىق تىلى قىلىپ ئەرەبچە ۋە پارسچىنى قوللانغانىكەن. ئەراتنا ناھايىتى ياخشى تەھسىل ۋە تەربىيە كۆرگەن ئالىم بولغاچقا، ئەرەبچىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيدىغانلىقى مەلۇم[204].

ئانادولۇدا ئۇيغۇرچىنى قوللانغانلىقى، ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە شېئىرلارنىڭ يېزىلغانلىقى ۋە ئۇيغۇرچىنىڭ فاتىھ سۇلتان دەۋرىگىچە ئوردىدا ئۆگىتىلگەنلىكى تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن[205]. يەنە «تۈركچە موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئەللەردە ئۇيغۇر باخشىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان» [206] بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئۇ ھۆججەتلەر بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. بۇلار مىللىي مەدەنىيىتىمىز نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا چوڭ بىر بوشلۇق ھېسابلىنىدۇ.

مالازگىت ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن تۈركلىشىش بىلەن زىچ ماسلىشىپ ماڭغان ئىسلاملىشىش ھەرىكىتى ئانادولۇدىكى شەھەرلەرنى بىردىن تۈرك-ئىسلام مەدەنىيەت مەركەزلىرى ھالىتىگە كەلتۈردى. بولۇپمۇ ئەراتنا ھاكىمىيىتى دەۋرىدە كونيادىن ئەرزۇرۇمغىچە، سامسۇندىن مالاتيىغىچە بولغان كەڭ زېمىن پۈتۈنلەي بىر تۈرك ئىسلام دىيارى ھالىتىگە كەلگەن. شۇڭا مۇئەللىپلەر سۇلتان ئەراتنا بىر مۆئمىن مۇسۇلمان بولۇپ، ئەھلى سۈننىيلەرنىڭ ھەنەفىي مەزھىپىدە دەپ خاتىرىلىگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئەراتنانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھەممە خەلقلەرنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ۋە ئەراتنا دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەكبەرىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپلۇقىنى چۈشىنىۋالالايمىز[207].

ئەراتنىا دۆلىتى سەلچۇقلار مىمارلىقىدىن پەرقلىق بىر ئۇسلۇبنىڭ خۇشخەۋەرچىسىدۇر، بۇنى ئايرىم بايان قىلىمىز. بۇنىڭدىن باشقا توقۇمىچىلىق، تېرە ئىشلەش، بولۇپمۇ گىلەمچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىدە سەلچۇق سەنئىتىنى داۋاملاشتۇرغان[208].

ئەراتنىالار ئۆرپ-ئادىتى ھەققىدە، باشقا شەھەرلەردەك ئېنىق بىر ساۋاتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما شۇ ھەقىقەتتۇركى، ئۇلارمۇ باشقا تۈرك بەگلىرىدەك ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى قويۇق بىرلەشتۈرگەن، راۋاجلاندۇرغان. بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادىتىگە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام شەرئىتىگە رىئايە قىلغان. زەكى ۋەلىدى توغان بۇ ھەقتە «قەيسەرى، كونيا ۋە نىغدە تەرەپلەرگە يەرلەشكەن ئۇيغۇر، قەشقەرلىك ۋە خوتەنلىكلەرنىڭ ئۆز ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى شۈبھىسىزدۇر» [209] دېسە، كافەسئوغلۇمۇ «قەدىمكى تۈرك ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ كۆپرەكى بۇ تۈرك دۆلىتى (يەنى ئەراتنىا دۆلىتى) دىمۇ داۋاملاشماقتا ئىدى» [210] دەپ بۇ مەسىلىگە چۈشەنچە بېرىدۇ.

ئانادولۇ سەلچۇقلىرىدەك ئەراتنىالارمۇ مائارىپ ۋە ئوقۇتۇش ئۈچۈن مەدرىسە-مەكتەپلەرنى سالدۇرىدۇ. ھەتتا قاتناش تۈگۈنلىرىگە سالدۇرغان مېھمانخانا شەكلىدىكى خانىقالاردىمۇ سەۋىيىسىگە قاراپ، ئوقۇتۇش ۋە تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىلغانلىقى مەلۇم. ئىلىم ۋە ئالىملارغا ئەھمىيەت بەرگەن سۇلتان ئەراتنا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن قەيسەرىدىكى كۆشك مەدرىسىنى سالدۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىلمىي ئېھتىياجىغا ئېچىپ بەرگەن[211]. ئۆزىمۇ تەپسىر ۋە ھەدىس ئىلمى بىلەن

مەشغۇل بولۇپ، يۇكسەك دىنىي ئالىملار بىلەن دائىم سۆھبەتلىشىپ تۇرغان ۋە ئۇلارغا ئىلھام بەرگەن[212]. سۇلتان ئەراتىنا ئوغلى مۇھەممەدنى ئىلىم تەھسىل قىلدۇرۇش ئۈچۈن قونياغا ئەۋەتكەن[213]. سۇلتان غىياسىدىن مۇھەممەدمۇ ئوغلى ئەلىنى «مۇھسىنۇل قەيسەرى» دىن دەرس ئالدۇرغان[214]. ئالىم ۋە پازىل بىر قازى بولغان شەمسىددىن مۇھەممەدنىڭ ئوغلى بۇرھانىددىن ئەھمەدنى ئىلىم تەھسىل قىلدۇرۇش ئۈچۈن 14 ياش چىغىدىلا قاھىرەگە ئەۋەتكەن[215].

ئەراتنانىڭ سۇلتانلىق مەزگىلىدە ئاقسارايىنىڭ ئەمىر تۆمۈرتاشقا ھەدىيە قىلغان بىر پارسچە ئەسىرىدىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈلگەن[216] بولسىمۇ، ئەراتنا ياكى ئوغۇللىرىدىن غىياسىددىن مۇھەممەد ۋە ئىزەددىن جافەر ياكى نەۋرىلىردىن ئالائىددىن ئەلى ۋە چەلەبى مۇھەممەدنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان ۋە تەرجىمە نۇسخىسى ھازىرغىچە قولىمىزغا چۈشمىدى. بۇ ئەھۋال كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ ۋە دىققىتىنى تارتىدۇ. ئەراتنانىڭ ئەمىرلىرىدىن ئالىم بىر زات ھېسابلانغان ئاماسيا ئەمىرى ھاجى شادگەلدى ۋە ئوغلى ئەمىر ئەھمەد زامانىدا بۇ بەگلەر نامىغا بەلكىم مۇستەقىل ئەسەرلەر يېزىلغان[217].

سۇلتان ئەراتنانىڭ دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى قوشنىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يوق دېيەرلىك دەرىجىدە ئاز بولغان. ھەر ھالدا ئانادولۇ سەلچۇقلارنىڭ مۇھىم ئولتۇراقلىشىش مەركەزلىرىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئەراتنا دەۋرىدىكى مىمارچىلىق ھەققىدە ئالاھىدە بىر يېڭىلىق ھېس قىلمىغان بولۇشىمىز كېرەك. بەلكىم ئابىدىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ۋە ۋەقفىلەرنىڭ قولغا چۈشمەسلىكى سەۋەبىدىن

ئەراتنىلار دەۋرىدىكى مىمارچىلىق ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمىدى. بۇنىڭدىن باشقا ۋەقفىلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىشى ۋە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىقىلىپ كېتىپ يوقالغان ئىمارەتلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆزدىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۇ ئادەتتىكى چۈشەندۈرۈشىمىزدىن كېيىن سۇلتان ئەراتنانىڭ ئەمىرلىك، ۋالىيلىق ۋە سۇلتانلىق دەۋرلىرىدە سالدۇرغان ئىمارەتلەرنى ئابىدىلەردىكى يىل تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمىز.

قەيسەرىنىڭ قىلىچ ئارسلان مەھەللىسىدە ئەراتنانىڭ دادىسى جافەربەگكە تەۋە دەپ قارالغان يىل تارىخي يوق ئەلى جافەر گۈمبىزى ھەيۋەتلىك بىر ئىمارەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان[218]. قەيسەرىنىڭ يانىقئوغلۇ مەھەللىسىدە ئانادولۇنىڭ ئىلخانىيلار باش ۋالىيسى تۆمۈر تاشنىڭ ئاخىرقى زامانلىرىدا ياسالغان ئەمىر شاھاپنىڭ قەبرىسى رىمونت قىلىنغان ھالەتتە ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى. قەبرىنىڭ ئىچىدە ئۆزى ۋە خوتۇنى، بالىسىنىڭ بولۇپ ئۈچ قەبرە بار. دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدە مەرمەردىن ياسالغان ئابىدە بار[219]. قىر شەھىرىدىكى ئاشىق پاشا قەبرىسى 1332 ـ يىلى پۈتۈنلەي مەرمەردىن ياسالغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنلەردە قەيسەرى بىلەن ئەنقەرە ئارىلىقىدىكى تاشيول بويىدا گۈزەل بىر ئىمارەت ھالىتىدە كۆرۈنىدۇ[220]. نىغدەدىكى 1335 ـ يىل ياسالغان سۇنغۇر بەگنىڭ جامەسى ئىچ بېزىلىشى ۋە مېھرابلىرى ناھايىتى گۈزەل بىر ئەسەر ھالىتىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ[221]. قەيسەرىدىكى يالمان مەھەللىسىدە 1338 ـ يىلى قازى مەسچىتىنى ئەراتنانىڭ

ئەمىرلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن بولغان ئەمىر ھۇسامىددىن خەلىلنىڭ ئوغلى فەخرىددىن ئىسمائىل كېڭەيتىپ ياساتقان. مەسچىت تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە، ئۈستى ياغاچ يېپىلىپ كەسمە تاشتىن ياسالغان بۇ مەسچىتنىڭ غەربىدە تاشلىنىپ قالغان بىر بۇلاق ۋە بۇلاق يېنىدا مەسچىتنىڭ مۇنارى بار. مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدە مەرمەر ئابىدە بار.

سۇلتان ئەراتنا دەۋرىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىمارەتلىرىدىن بىرى بولغان كۆشك مەدرىسى قەيسەرىنىڭ گۆلتەپە مەھەللىسىدىكى كۆشك تاغ دېگەن يەردىكى مۇھىم جايدا بولۇپ، بۇ مەدرىسنى سۇلتان ئەراتنا ياساتقان. تۆت بۇلۇڭلۇق گۈزەل كەسمە تاشتىن ياسالغان بۇ مەدرىسگە شىمال تەرەپتىن ئېچىلغان بىر ئىشىكتىن كىرىلىدۇ، مەدرىسە ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان ئابىدىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا، بۇ مەدرىسىنى ئەراتنا خوتۇنى سۇلى پاشا خاتۇننىڭ نامىغا ئاتاپ، 1339-يىلى يۈزى تاراشلانغان كەسمە تاشتىن ياساتقانىكەن. مەسچىتنىڭ ئىچىدىكى قەبرىلەر ئۈستىگە سەككىز بۇرجەكلىك گۈمبەز ياسالغان بولۇپ، ئىچىگە سۇلتان ئەراتنا، غىياسىددىن مۇھەممەد، ئالائىددىن ئەلى ۋە سۇلىپاشا خاتۇننىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان. قەبرىنىڭ ئەتراپىغا ئەھلى سۇفىيلەر ئۈچۈن خانىقا، يولۇچىلار ئۈچۈن مۇساپىرخانا ياسالغان بولۇپ، تەلىم-تەربىيە مەقسىتىدە مەدرىسە دەپ ئاتىلغان[222]. قەيسەرىلىك ئەھمەد نەزىم ئەپەندى كىتابىدا كۆشك مەدرىسى ئىچىدە يەنە بىر مەسچىتنىڭ بارلىقىنىمۇ خاتىرىلىگەن[223].

ئۆرگـۈپ دامسا يېزىسىدىكى 1341 ـ يىلى ياسالغان [224]، ھەنىفتە 1342 ـ يىلى قۇتلۇغ بەگنىڭ ئوغلى جەمالىددىن ئىلىيزىم سالدۇرغان كارۋانساراي ۋە ئاماسيانىڭ گۈمۈشھاجى يېزىسىدا 1343 ـ يىلى ياسالغان بۇلاق[225] قاتارلىق مىمارلارنىڭ ئەراتنا دەۋرىدە ياسالغانلىقى مەلۇم. بۈگۈنكى كۈنلەردە قەيسەرى مۇزېيىنىڭ ئىسلامىي مازار تاشلىرى ۋە ئابىدىسى ئامبىرى قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان قەبرە 1345 ـ يىلى زەنگىئوغلى ئەمىرزادە مۇھەممەدنىڭ قەبرىسى بولۇپ، تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدىكى كەسمە تاشلاردىن ياسالغان، قەبرە ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە مەرمەر ئابىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان[226].

ئەراتنالار دەۋرىدە دەۋلى قاراھىسار دەپ ئاتالغان يېشىلھىساردا سۇلتان ئەراتنا 1346 ـ يىلى سالدۇرغان ئۇلۇغ جامە بۈگۈنگىچە جامائەتكە ئىچىپ بېرىلىۋاتقان بولۇپ، مۇنارنىڭ سىرتى زامانىۋى شەكىلدە يېڭىلاندى[227]. سىۋاستا سۇلتان ئەراتنانىڭ ياش ئۆلۈپ كەتكەن چوڭ ئوغلى شەيخ ھەسەن نامىغا ئاتاپ 1347 ـ يىلى كەسمە تاشتىن ياسالغان گۈدۈك مۇنار ھېچقانداق قەبرىگە ئوخشىمايدىغان ھالدا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان[228].

توكاتتا 1347 ـ يىلى ياسالغان خانىقا[229] ۋە قەيسەرىدە 1348 ـ يىلى ياسالغان ئەمىر ئەردۇغمۇش ۋەياكى تاتارخانىلىرى قەبرىسى [230] قاتارلىقلار ئەراتنا دەۋرىدىكى ئىمارەتلەردۇر. قەيسەرىنىڭ گاۋرەمئوغلۇ مەھەللىسىدىكى چوڭلۇقى ۋە زىننەتلىنىشى جەھەتتىن قەيسەرىدىكى ئۆزگىچە ياسالغان شاھ قۇتلۇغ خاتۇن خانىقاسىنىڭ گۈمبىزى ھاجى بەگ دەپ ئاتال ـ غان شاھ قۇتلۇغ خاتۇننىڭ ئەمرى بىلەن 1350 ـ يىلى

ياسالغان بولۇپ، 1977 ـ يىلى دىنىي ۋەقفىلەر ئەسلىدىكى هالىتىگە ماس هالدا رىمونت قىلىنغان. گۈمبەزنىڭ ئىچىدە شاھ قۇتلۇغ خاتۇن بىلەن ئەمىر باھشايىش ۋە ئەمىر هەيدەربەگلەرنىڭ قەبرىسى بار[231]. قەيسەرنىڭ قارتال (بۆركۆت) رايونىدىكى هېۋىتلىك يېنىدىكى هىسارجىق يولى ياقىسىدىكى 1350 ـ يىلى ياسالغان ئەمىر ئەلى پىشرەۋ ئەلى قەبرىسى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى كەسمە تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستىنى يېپىپ ئەسلىدىكى هالىتىگە ماس هالدا رىمونت قىلىنغان[232].

# 6. سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ ۋاپاتى ۋە شەخسىيتى

تۈركىيە تارىخىنىڭ ئەڭ مۇشكۇل ۋە ئەڭ قىيىن دەۋرى بولغان 1327 ـ يىلىدىن 1353 ـ يىلىغىچە بولغان چارەك ئەسىرلىك ۋاقىت ئەمىر، نويان، باش ۋالىي ۋە سۇلتان بولۇشتەك مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كاتتا نامۇ ـ شەرەپكە ئېرىشكەن سۇلتان ئەراتنا سىۋاستا دۆلەت قۇرۇپ، كېيىن دۆلەت مەركىزى بولغان قەيسەرىدە هاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان. ئاساسەن سۇلتان ئەراتنا ئۆلمەن دېگەن كۆنى ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن[233]، ئوغلى جافەر قەيسەرىنىڭ بۇنيان قاراقايا يېزىسىنىڭ سەييىد ئىسا خانىقاسىنىڭ ۋەقفىسەدە ئەراتنانىڭ ئۇنىۋان ـ سۈپەتلىرى ئارىسىغا «ئەششەھىد» ئىبارىسىنى قوشۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ شېھىت بولۇش ئېھتىمالىنى قىياس قىلالىساقمۇ، تارىخىي مەنبەلەردە بۇ ئېھتىماللىقنى ئىسپاتلايدىغان بىر ماتېرىيال تېخىچە ئۇچرىمىدى[234].

سۇلتان ئەراتنانىڭ ۋاپات بولغان يىلىنى بەزى مۇئەللىپلەر هىجرىيە 753 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ بەشى، يەنى مىلادى 1352 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دەپ كۆرسەتسە[235]، بەزىلەر تېخى ۋاپات بولغان ئاينىمۇ ئېنىق يازماستىن بىۋاستە 1352 / 753 ـ يىلى دەپلا خاتىرىلىگەن[236]. سۇلتان ئەراتنانىڭ نامىغا ئاتاپ قويۇلغان بەزى تەڭگىلەرنىڭ 1353 / 754 ـ يىللىق بولۇشى [237]، ئۇنىڭ ۋاپات بولغان يىل تارىخىدا بىر يىلى ئۆزگىرىش بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەمەس. چۈنكى، 1353 / 754 ـ يىلى قويۇلغان تەڭگىلەردە ئەراتنانىڭ

ئىسـمىنىڭ بولۇشـى، ئەراتنانىـڭ بـۇ يىلـلاردا ھايـات بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى، ئەراتنا دەۋرىدە ئىشلەتكەن تەڭگە قىلىپلىرىنى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ قوللانغانلىقىدىن بولغان[238].

سۇلتان ئەراتنانىڭ نەچچە يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. سۇلتان ئۆلجايتۇ (1304 ـ 1316)نىڭ ئەمىرلىرى «60 ياشتىن ئاشـقاندا ۋاپـات بولغـان دەپ مـۆلچەرلەنگەن»[239]. ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقاندا ۋاپات بولغان دەپ قارالغان سۇلتان ئەراتنا مەھكىمەئى شەرئىنىڭ پەتىۋانامىسى ۋە بەزى مۇئەلـ ـلىپلەر شەيخ ئەۋھادەددىن قىرمانىنىڭ سوفىي ۋە مۇرىتلىرى ئورناتقان دەپ قارايدىغان قەبرە دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئابىدىگە قاراپ، 1339 ـ يىلى ئامراق خوتۇنى سۇلىپاشا ئۈچۈن سالدۇرغاندىن كېيىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي ۋەقفە قىلىنغان، بۆگۈنكى قەيسەرىنىڭ گۆلتەپە مەھەللىسىدىكى كۆشك تاغ دەپ ئاتىلىدىغان يەردىكى كۆشك مەدرىسىنىڭ ھانگاھىنى دېگەن يېرىگە دەپنە قىلىنغان[240]. بۆگۈنكى كۈنلەردە بۇ مەدرىسە قەيسەرى ۋالىيلىقى ۋە قەيسەرى ۋەقفە باشقۇرۇش مۇدىرلىقىنىڭ تەرتىپكە سېلىشى نەتىجىسىدە، كەمبەغەللەرگە سەدىقە تامىقى تارقىتىدىغان ئاشخانا قىلىنىپ ئىشلىتىلـ ـۋاتىدۇ.

كۆشك مەدرىسىنىڭ ئىچىدە ئەراتنا ئائىلىسىگە تەۋە ھەـ ـشەمەتلىك قەبرىلەرنىڭ بىرىگە دەپنە قىلىنغان سۇلتان ئەراتنا خوتۇنى سۇلىپاشا، ئوغلى غىياسىددىن مۇھەممەد ۋە نەۋرىسى ئالائىددىن ئەلىنىڭ مەرمەر لەھەتلىرى بىلەن ئابىـ ـدىسىنى 1906 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى مەزگىلدە ئۆتكەن بىر

ھۆكۈمدارنىڭ كۆلچەك ياستىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن قەيسەرىـ
ـدىن ئالدۇرغان ۋە بۇزىۋەتكەن[241]. بۇ بۇزغۇنچىلىقتا ھەرنىمە
بولسىمۇ سۇلتان ئالائىددىن ئەلىنىڭ قەبرە ئابىدىسى ئامان
قالغان، ھازىر قەيسەرى ئېتنوگرافىيە مۇزىيىدا ئېكسكۇرسىيە
ئۈچۈن قويۇپ قويۇلغان[242]. ئەراتنا ئائىلىسىگە تەۋە بۇ
ئابىدىلەردىن سۇلى پاشا خاتۇننىڭ نامىغا ئورنىتىلغان قەبرە
ئابىدىسى بىلەن ئوغلى غىياسىددىن مۇھەممەد قەبرە ئابىدىـ
ـسىنى كۆلچەك ياساشقا ماتېرىيال قىلىشتىن ئىلگىرىكى قەيـ
ـسەرىلىك ئەھمەد نازىف ئەپەندى بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋېلىپ،
كۆچىرىۋالغان مەتىنىنى خەلىل ئەدھەمگە بەرگەن. خەلىل
ئەدھەم بۇنى «قەيسەرى شەھىرى» دېگەن ئەسىرىگە قوشۇپ
نەشر قىلدۇغان[243]. بىراق، سۇلتان ئەراتنانىڭ قەبرە تېشى
ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن. ناۋادا ئەراتنانىڭ
ئابىدىسى قولىمىزغا چۈشكەن بولسىدى، ئەراتنانىڭ ۋاپاتى
ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولاتتۇق.

سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنانىڭ شەخسىيىتى: دۆلەتنىڭ
ئىچى ۋە سىرتىدا ئوبدانلا نام-ئاتاق قازىنىپ، شان-
شۆھرىتى ھەممە ياققا تارقالغان سۇلتان ئەراتنانىڭ ۋاپاتى
ئانادولۇ ۋە قوشنا ئەللەردە چوڭ قايغۇغا سەۋەبچى بولىدۇ.
چۈنكى ھېچكىمگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغان ھۆكۈمران
ھېساپلانغان سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنا 1327-يىلى 10-
ئايدىن 1352-يىلى 2-ئايغىچە بولغان ۋالىيلىق ۋە سۇلتانلىق
قىلغان مەزگىللەردە ئەڭ ياخشى سىياسەت، ئادالەت، ئابرۇي
ۋە يۈكسەك نوپۇزغا تايىنىپ، ئىلخانىيلارنىڭ ئانادولۇدا
مەيدانغا كەلتۈرۈپ قويغان ھۆكۈمەتسىزلىكنى يوقىتىپ، ئارزۇ

قىلغان بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى ئورناتقان. سۇلتان ئەراتنا قۇرغان بۇ ھۇزۇر دىيارىغا مەلىك ئەشرەف چوباننىڭ زۇلمىدىن تويۇپ كەتكەن ئالىملار سەلدەك ئېقىپ كېلىپ، مال ـ دۇنيا ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. سۇلتان ئالائىددىن ئەراتنا موڭغۇللاردىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن كىشىلەر ۋە يەر ـ لەرگە راھەت ۋە سائادەتتە ياشاش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

سۇلتان ئەراتنا دۆلەتنى شۇ دەرىجىدە ئادالەت، مەرتلىك ۋە ئابرۇي بىلەن ئىدارە قىلغانكى، پۇقرالار ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئالا ساقاللىقىغا قاراپ ئۇنى «كوسا نەبى»، «كوسا پەيغەمبەر» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتىغان[244]. ئۇنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە ئادىللىقى سەۋەبىدىن، شۆھرىتى دۆلەت سىرتىغىچە تارقالغان. يەنى قوشنا ئەللەردە مىسىر، ھەلەپ ۋە شام (سۇرىيە) دا يېتىشكەن زامانداش مۇئەللىپ ۋە تارىخچىلاردىن سافەدى، ھالەبى ئىبنى خاتىب قاتارلىق ئالىملار سۇلتان ئەراتنانىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق قايغۇرۇپ، قەلبىدىكى قايغۇسىنى ئىپادىلەپ مەرسىيىلەر يازغان[245].

سەلاھىددىن سافەدى سۇلتان ئەراتنانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى تۇيغۇلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىرلەپ «ئەراتنا بەك خەلقپەرۋەر ياخشى ئىنسان ئىدى. دىنىغا، دىيانىتىگە سادىق بولۇپ، ھەقىقىي ئىسلامىيەتنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە ھىمايىچىسى ئىدى. ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر ئىدى، ئالىملارنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئامراق ئىدى، ئالىملارنى مەجلىسلەرگە چاقىراتتى، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ

مۇزاكىرىنى ئاڭلايتتى ۋە پىكىرلىرىدىن پايدىلىناتتى. ئەراتنانىڭ خوتۇنىمۇ ئىلمىي مەجلىسلەرگە پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قاتنىشاتتى ۋە بۇنداق تالاش-تارتىشلارنى ئاڭلاپ ناھايىتىمۇ خۇشاللىق ھېس قىلاتتى. مۇسۇلمانلار دائىم ئىلتىپاتى ۋە مەرھەمىتىگە ئىگە بولاتتى. بۇ ھالەت ئەراتنا ۋاپات بولغىچە توختىماي داۋاملاشقان. ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن بۇيۈك بىر ياردەمچىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇسۇلمانلار دۇشمەنلىرىدىن بەك جىق زەرەر كۆردىلەر»[246] دەپ يازغان.

سۇلتان ئەراتناغا بولغان يېقىنلىقنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە يېزىشقا ئۇرۇنغان سافەدى «نويانىدىن ئايرىلىپ ئانادولۇ قايغۇ ۋە ئازابقا تولدى. ئەراتنانى ئارزۇ قىلغىنىمىزدەك ھالەتتە كۆرسەتمىگەن پەلەكنىڭ جازاسىنى ئاللاھ ئۆزى بەرسۇن!» دېگەن مەنىدە يېزىلغان رۇبائىيسى ئارقىلىق ئەراتنانىڭ ۋاپاتىدىن ھېس قىلغان قايغۇسىنى ئىپادىلىگەن[247].

سۇلتان ئەراتنانىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ھالەبنى «ئۇ دەرىجىسى يۈكسەك، ھەممەيلەننى ۋە ياخشىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشى ئىدى» دەپ مەدھىيىلەپ كاتتا سارايلاردا خۇشاللىق ئىچىدە ئارزۇسىغا يەتكەن ئەراتنانى ئەمدى بىز قەبرە زىندانلىرىدا كۆرسەتكەن رەھىمسىز ۋە ئامانسىز پەلەككە ئاللاھ «لەنەت قىلسۇن!» دېگەن مەنىدىكى رۇبائىيسى ئارقىلىق قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن[248].

ئىبنى تاغرىبىردى ئەراتنا ئۈچۈن «ئۇ ئەقىللىق، سىياسەتتە تەدبىرلىك، ئالىم پادىشاھ ئىدى. ھۆكۈمرانلىقى سائادەتتە ئۆتتى»[249] دېسە، ھاجەرمۇ «بىر ياخشى مۇسۇلمان

ئىدى»[250] دەپ سۇلتان ئەراتنانىڭ ئىبىل سۇپەتلىرىنى تىلغا ئالغان.

ئاماسىيالىق ھۇسەيىن ھۇسامەددىن ئەراتنانىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى خۇلاسىلەپ «ئەراتنا خاننىڭ ۋاپاتىغا ھەقىقەتەن ئىچىنغۇدەك ئەمىرلەردىن ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئادىل، پۇقراپەرۋەر، ھەركىمگە ھېسداشلىق قىلىدىغان، دىندار ۋە مەرھەممەتلى كۆچلۈك ئىدى. خەلقنىڭ ئۇنى كوسا پەيغەمبەر دېگىنىگە مۇناسىپ ئادەم ئىدى. ھەر قانداق بىر كىشى بىلەن توسۇپ قالماي كۆرۈشەتتى ۋە خەلقنىڭ ئەرز-دادىنى ئۆزى ئاڭلاپ ھەل قىلاتتى» دەپ يازغان[251].

سۇلتان ئەراتنا ئىلىم ۋە پەزىلەت ئىگىسى بولۇپ، ھەممە ئىشتا مەدەنىي ئىدى. ئۇ ئەينى زاماندا دىندار بولغانلىقىدىن دىنىي ۋە ئىلمىي ئالىملارغا، ئەدىبلەرگە بەك ھۆرمەت قىلغان. ئىلمىي تەتقىقاتلارنى قوللىغان. ئالىملارنىڭ مۇھاكىمىلىرىنى زەۋقى بىلەن ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ كۆزقاراش، پىكىرلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، قۇسۇر ئىزدىمىگەن[252]. شافىئى مەزھىپىنىڭ ئىمامى ۋە مەشھۇر دىنىي ئالىم تەقىيۇددىن ئەلى ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسسۇبقى ئەراتنانىڭ ئىلمىي قابىلىيىتىنى، تەپسىر ۋە ھەدىس ئىلمىدە كامىللىقىنى «تاباقاتى-شافىئىيە» دېگەن ئەسىرىدە ماختاپ كۆككە ئۇچۇرغان[253]. ئىبنى بەتۇتەمۇ «ساياھەتنامە»سىدە ئەراتنا ۋە ئۇنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئىلىم ۋە ئالىملارنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى ماختىغان[254].

سۇلتان ئەراتنا ئانادولۇنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىياسىي مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرغاندا، مىللىي مەنپەئەتنى قوغداش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمىغان. بەزىدە جەلايىرلارغا، بەزىدە

مەملۇق سۇلتانلىقىغا يىقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن. بۇ مۇناسىۋەتلەر تەبىئىي ھالدا مەكتۇپلىشىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. مەملۇق سۇلتانلىرى ئەرەتناغا ئەۋەتكەن جاۋاب خەتلىرى ھۆكۈمدار ئىشلەتىدىغان مەخسۇس قەغەزگە يېزىلغانلىقى ۋە «ئاكىڭىز» دەپ ئىمزا قويۇلغانلىقىغا قاراپ سۇلتان ئەرەتنانىڭ سىياسىي ئورنى[255] ۋە شەخسىيىتى ۋە ئۇنىڭ قانچىلىك قەدىرلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ[256].

سۇلتان ئەرەتنانىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆزىگە ۋە ئەمىر-بەگلەرنىڭ ھېچبىرى ھېچقانداق بىر شەكىلدە ئىتائەتسىزلىك قىلمىغان. بۇمۇ سۇلتان ئەرەتنانىڭ نوپۇزى ۋە شەخسىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى. سۇلتان ئەرەتنانىڭ يۈكسەك نوپۇزىنى توكاتنىڭ ئەمىرى ئۇلۇغ بەگمۇ ئېتىراپ قىلغان. ئاماسيا ئەمىرى تۇلبەگ ھېچكىمگە بويۇن ئەگمىگەن ۋە سۇلتاندەك ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەرەتناغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان[257].

